# ئادىل تۈنىياز

# شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار

ئېلكىتاپ تۈزگۈچى: ئابرال

http://ilkitap.blogbus.com

# مۇندەرىجە

ئېلكىتاپ تۈزگۈچىدىن ........ 4
ئانا تىل ........ 5
ئەرەبلەرنىڭ سۆڭىكى ........ 7
ئىمارەتنىڭ ئىشىكى ........ 8
ئەرەب تەمسىلى ........ 9
گۆھەرپۇرۇش ئەخمەد ھەمەدانىنىڭ نامازشامدىن كېيىنكى ۋاقتى ........ 10
ئەسىر بىلەن شام ئارىسىدا ........ 12
بېلىق بازىرى ........ 13
ئىككى ئۇيغۇر راشىد يورتىدىكى كافتىريادا ........ 14
بىر تەڭگە چۈشتى دوملاپ ........ 17
كۆيۈۋاتقان تىل ........ 19
يۇلتۇزلارمۇ ئۆلىدۇ ........ 21
رۇزا ھېيت كەلدى! ........ 24
بىر تال يوپۇرماق ........ 26
كۈن غەربتىن چىققاندا ........ 28
تورغاي قانىتىدىن تۆكۈلەر قۇياش ........ 31
سەرگەردان سايە ........ 33
قۇشقاچلارغا ئەگىشىپ ........ 36
پېۋىخانا ........ 39
يامغۇرلۇق كېچە ........ 41
غېرىبلىق ........ 43
ئەنئەنە چەمبىرىكى ........ 45
ئۆمۈچۈكنىڭ قەبرىسى ........ 47
ئۆي ........ 49
قىشتىكى يول ........ 52
قەغەز…شەھەر ........ 54
كوچا سۈپۈرگۈچى ........ 56
چىرايلىق يىغلاش ........ 57
سىنىپ ........ 60
خاتىرەمنىڭ كۈزدىكى بېتى ........ 62
ئۈمىدلىك بىر كۈن ........ 64
قەشقەر ۋاقتى سائەت ئالتىدە ........ 66

http://ilkitap.blogbus.com

# ئابرال ئېلكىتاپلىرى


پىۋا كۆپۈكى ........ 68
ئاياللار دۆلىتى ........ 71
ئۇيغۇر كوچىغا چىققاندا ........ 73
كىلە ........ 75
بۇلاقۋېشى كوچىسى ........ 77
ئۈچىنچى ئايغا كىرىش ........ 79
ئېسىلىپ ئۆلىۋالغۇچى ........ 81
مىراجغا چىقىش ........ 83
ئاي تولدى ........ 85
يامغۇر ........ 87
تەكلىماكان بويىدىن ئۆتۈش ........ 89
ئۆز شەھرىدىكى ئۇيغۇر ........ 91
شەھەرنىڭ سىرى ........ 93
قەشقەرگە سەپەر ........ 95
ئىككى كىسەك ........ 97
قۇربان ھېيت ........ 99
خۇدانىڭ مېھمىنى ........ 101
چەكسىز ئىشخانا ........ 103
مۇزىكىنىڭ سۈرىتى ........ 105
سۇ ........ 106
چىش يۇدۇرۇش ........ 109
كېچىدىكى ئارچا دەرىخى ........ 111
سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا ........ 112
تۇرپان. بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا ........ 114
مەڭگۈ يىگىرمە ياش ........ 116
كەنىتتىكى قىش پەسلى ........ 120
شائىرنى ئىزدەش ........ 122
ئايلىنىش ........ 124
يامغۇر بۇرىقى ........ 125
كىتابخان ........ 128


http://ilkitap.blogbus.com

# ئېلكىتاپ تۈزگۈچىدىن

سىز توردىن چۈشۈرۈپ كۆرىۋاتقان ئاتاقلىق شائىرىمىز ئادىل تۇنىيازنىڭ بۇ شېئىرلار توپلىمىدىكى شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمىنى بىلىك، شەبنەم، سەلكىن،سۇمرۇغ،ئەسرىم قاتارلىق ئۇيغۇر مۇنبەرلىرىدىن كۆچۈرۈپ ئالغان بولۇپ، يەنە بەزىلىرىنى ئاپتۇرنىڭ نەشرىدىن چىققان شېئىرى توپلاملىرىدىن رەتلەپ كىرگۈزگەن. تورغا يوللىغان توراداشلارنىڭ ئىسمىنى ئەسكەرتەلمىگىنىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن.

بۇ شېئىرلارنىڭ كىلىش مەنبەسى ئىنتېرنىت بولۇپ، ئېلكىتاپتىكى بارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتۇرلۇق ھوقۇقى ۋە شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى كۆز قاراشلار ئەسلى ئاپتۇرغا مەنسۇپ. بۇ كىتاپ پەقەتلا شەخسىنىڭ قىزىقىشى بويىچە تۈزۈلۈپ،پەقەتلا ھەۋەسكار دوسلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تورغا يوللاندى. بۇندىن سىرت ئېلكىتاپنى سودا ياكى باشقا ساھەدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئاپتۇرنىڭ ياكى نەشىر ھوقۇقىغا ئىگە ئورۇنلارنىڭ رۇخسىتىسىز سودا ياكى باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىپ، بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە بارلىق ئاقىۋەتكە ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. ئابرال ئېلكىتاپ تارقىتىش بىلوگى ھىچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ.

ئەگەر سىز ئاپتۇرلۇق ھوقۇقۇمغا ۋە ياكى نەشىر ھوقۇقۇمغا دەخلى قىلدىڭىز دەپ قارىسىڭىز بىزگە ئېلخەت ياكى ئۈچۈر ئارقىلىق ئەسكەرتىپ قويغايسىز. بىز سىزنىڭ ئەسىرىڭىزنى ئىمكانىيىتىمىزنىڭ يېتىشىچە توردا تارقىتىشنى دەرھال توختىتىمىز.

ئېلخەت ئادرىسىمىز: abral@live.com ياكى abral@live.cn

ۋە ياكى بىۋاستە ئابرال ئېلكىتاپ تارقىتىش بىلوگىدا سۆز قالدۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ ئادرىسىمىز:

http://ilkitap.blogbus.com

ھۆرمەت بىلەن : (بىلىك – ئىنتىل ) ئابرال

تۈزۈلگەن ۋاقتى: 2009-يىلى 1-ئاينىڭ 29- كۈنى .

http://ilkitap.blogbus.com

# ئانا تىل

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

بىز ئالتۇندەك تۇغۇلدۇق
پارقىرىغان قوڭۇر تۇپراقتا.

چۈشتى جىرىڭلاپ
ئۇيغۇر پەرىشتىنىڭ ئاغزىدىن
مۇزىكىسى سىڭدى قۇلاقتا.
ئەي، ئانا تىل
سەرسان بولۇپ بىز
ئۇپۇرۇقۇڭدىن كەتتۇق ئۇزاقتا.

كۆكنار گۈلى
دېڭىزنىڭ ھىدىنى ئەكىلدۇ
خىيال ئۇزاق نەملىنىدۇ.

رادىئونى ئېچىپ قويدۇم.
ھاۋادا
گەپ قىلدۇ.

http://ilkitap.blogbus.com

سالقىن باغلار
نېفىت، قۇم تاغلار
رەڭگى ئۆزگەرگەن كىشلەر توپى،
شەھەر ـ قىشلاقلار قاقشال جىم.
قەھۋە ئىچكەچ
يىغلىۋەتتىم.

دېڭىز دولقۇنى ئۆيگە كىردى.

http://ilkitap.blogbus.com

# ئەرەبلەرنىڭ سۆڭىكى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

دېڭىز سۈيى ساھىلنى يالاپ

قۇملۇقلاردا مايلىق پارقىراپ

ئەرەبلەرنىڭ سۆڭىكى

مېڭىشىپتۇ غەربكە قاراپ.

بىراق غەرب،

جېنى تېنىگە

يىراق غەرب.

http://ilkitap.blogbus.com

# ئىمارەتنىڭ ئىشكى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

قاناتسىز ھەممە كىشى،
ئېچىلدى ھاۋادىن
ئىماراتنىڭ دەرۋازىسى.

دەسسىدىم پەلەمپەيگە
روھىم قۇرىغان ھالدا.

كۈتتۈالدى يۇمران يولۇۋسىم
تاشتىن چىققان ئىسسىق شامالدا.
كېچىنىڭ ئىشكى يوق،
مۇساپىرغا يوق دالدا.

http://ilkitap.blogbus.com

# ئەرەب تەمسىلى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

«دۇنيادا قاغىلارنىڭ ھەممىسى قارا ...»

قارا قاغىلارنىڭ ھەممىسى ئايال
كىيتىۋاتقان ئاق رەڭ جەزمەن ئەر،
ئابايى ئىچىدە يۇلتۇزلار ۋە ئاي
قەدىمىي ئادەت، يىپپىنگى شەھەر.

قارا رەڭلەردىن نەمخۇش قىز پۇرار
ئاق لىباسلاردا ئەركەكلەر قۇرار
چۆلدىكى تاشتەك.

كوچىلاردا ئاق بىلەن قارا
ئەنسىز زەرەت ئادەملەر ئارا،
يۆتكەلمەكتە شاھمات ئۇرۇقى...

جەننەت، دوزاخ چەك ۋە قىيامەت
يىقىنلاپ قالىمىز بارا ـ بارا
چۈنكى قاغىلارنىڭ ھەممىسى قارا.

http://ilkitap.blogbus.com

# گۆھەرپۈرۈش ئەخمەد ھەمەدانىنىڭ نامازشامدىن كېيىنكى ۋاقتى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

زۇمرەت كۆزلۈك ئۆزۈك بىلەن باشلاندى،
بۇ ۋاقىت
قۇش بىلەن سۇلتاننىڭ ۋاقتى
خۇشال ـ خۇرام شىكاردىن يانغان
سايەمنى كۆرۈپ ئىشىككە باقتى
بۇ شېئىردىكى ئەخمەد ھەمەدان.
ئۇ شۇنچە باي مەمەدان
خروستال چىراغلارنىڭ ئاستىدا
قانات بېرەر ئەرەب قۇملىرى
ئېقىپ كېلەر نېفىت بىلەن زەر
ئۇ نېمە دەر باشقا قۇملۇقنى
تەكلىماكان قاقىنىدا پەر
سورىسام مەن يۇرتۇمنى ئەگەر.

ئەگەر «مىڭ بىر كېچە» دە بولسام
دېڭىز قاراقچىسى ۋە بوراندىن كېيىن

http://ilkitap.blogbus.com

چىقىپ قالدىم يات بىر شەھەرگە.
بۇ نامازشام مەزگىلى ئىدى،
ئەتىر ھەم خورملىق باغلارنىڭ ھىدى
رەستىدە چىراغلار پورەك - پورەك.
ئاق كىيىملەر مەسچىتكە ماڭغان
قارا لىباسلار قارا يالقۇندەك،
كۆردىكى ئەخمەد ھەمدان،
غەم - غۇسسىگە چۆمگەن بىر غېرىب
ئەينەك ئىشكتىن كەلدى كىرىپ...

جاۋاھىر بازىرىدىن قايتتىم ھېرىپ
بۇ شېئىرىمغا يۇلتۇزكۆپ چېكىت.
مەنبە: «چۈمبەلدىكى كۆز».

http://ilkitap.blogbus.com

# ئەسىر بىلەن شام ئارىسىدا

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

ئەگەر بىر قىز بولسا رەسىدە،
ئەسىر بىلەن شام ئارىسىدا.
پەتىۋاسى باردۇر ھەدىستە
ئەسىر ۋاجىپ
يا ۋاجىپ ئەمەس.

ئەسىر بىلەن نامازشام ئارا
بىر غۇنچىنى پۇۋلىدى ئاللا.

ئەسىر بىلەن نامازشام ئارا
نىمە قىلسا قىلغاي قىز بالا،
ئاسمان بىغى چىچەكلەيدۇ لىق
چۈنكى بىر قىز بولدى چىرايلىق

http://ilkitap.blogbus.com

# بېلىق بازىرى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

تونۇلتىلغان بوز بېلىق.

تىرىك بېلىق.

قاسراقلىرى چاقنىغان بېلىق.

كۆزى ئوچۇق، ئاغزى ئاي بېلىق.

سېمىز بېلىق،

قىز بېلىق،

پىلتىڭلاپ، چايقىلىپ، نازقىلىپ

بازارغا سالار ئىز بېلىق،

ھەي ئادەملەر بىز بېلىق،

ئاھ خۇدا، بىز قانداق سودا؟

مەنبە: «چۆمبەلدىكى كۆز».

http://ilkitap.blogbus.com

# ئىككى ئۇيغۇر راشىد پورتىدىكى كافىترىيادا

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

يۇلتۇزلار كۈندۈزدە سۆزلىشىدۇ،
چاقنىمايدۇ.
يەر شارى ئالەمنىڭ بىر چېتىدە
ئاڭلايدۇ
ئېسىدە ساقلىمايدۇ.
— دوبەي شەھىرىنىڭ مونولوگىنى.
دېڭىز سۈركىلىدۇ، ئېچىلىدۇ
ئادەملەر مەڭگۈ بۇلغانمايدۇ،
يۆتىلىدۇ، يۇمشايدۇ، چېچىلىدۇ.

كونا ئىككى قولۋاق تۇرار لەپەڭلەپ
بىر تال بويۇن تۈكى بىلىقئالغۇنىڭ
سېمۇنت ئۈستىگە چۈشتى لەيلەپ.

راشىد پورتى
هارغىن كىشىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ،
مەغلۇپ زامانلارنى ئۇزۇتۇپ قويىدۇ.

http://ilkitap.blogbus.com

ئىككى ئۇيغۇر كافترىيادا ئۇلتۇرۇپ
(CEASER) قەيسەر رىمدا ئۆلتۈرۈلگەن كۈنلەردەك
سۈس كەيپىياتنى كۆتەرمەك بولدۇ.
مۇڭلۇق كۆزلەر پات ـ پات سەيلى قىلدۇ،
ئىگىز كىملەر دېرىزىدىن ئىقىپ كىلدۇ،
ئىگىز هارۋىلىقلار شەهەرلەرنى كىسىپ ئۆتۈپ
ئەسلىملەرنى يىڭىلايدۇ.
ئەي ئوتلاقلارنىڭ خاقانى، تاجىڭغا قىستۇرۇلغان بۇركۈت
پېيىدىن هوزۇرلىنىمەن،
ئاستىڭدا چاپچىپ تۇرغان ئاق ئاتنىڭ رەڭگىگە دۇئا قىلىمەن.
شامال يۇلتۇزلىرى ئايغىرىڭنىڭ ئاق قاشقىسىدا ئەبەدىي چاقناپ تۇرغاي.
هۆل شەهەرلەر هاياجانلىق سىيلاشلىرىڭدىن ئاۋات بولغاي.
جاراڭلىغان ئاۋاز. پاكىستانلىق هامماللار
تۆمۈر ساندۇقلارنى چۈشۈرمەكتە.
هايات دولقۇنى ئىقىتىپ كەلگەن سەرگەردانلار،
پۇۋلەنگەن ماپكاپلار.
هەيۋەتلىك پۇل يولۋىسى ئادەملەر ئارىسىدا كىزەر هۆركىرەپ.
ئورنۇم ئەمدى ئۇپۇقتا ئەمەس، ئۇپۇق ئىگىلەنگەن پۇلنى دەپ.
ئاھ، ناتونۇش ئىككى سودىگەر ئانا تىلىمدا قىلماقتا گەپ.
ئۇيغۇر تىلى كۆيمەكتە كۆك يالقۇن چىقىرىپ دېڭىز سۈيى ئۈستىدە،
تىلىم كىكەچلىمەكتە تارىخنىڭ ۋاراقلىرىدەك ئۈزۈندىن بىرى كۆيۈۋاتقان چۈش پەيتىنى.
تىلىم تىتىماقتا، نىمىدىگەن ئازابلىق خرۇستال جامدا شىكەر توشقۇزۇلغان قەهۋە ئىچىش.

http://ilkitap.blogbus.com

ئۆزىنى سۆيمەيدىغان ئىككى ئادەم قارغىماقتا ئۇيغۇر تىلىدا،
كافتېرىيادا ئولتۇرۇپ.
مەن ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايمەن.

راشىد پورتى
ھارغىن كىشىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ،
مەغلۇپ زامانلارنى ئۇزۇتۇپ قويىدۇ.
مەنبە: « چۈمبەلدىكى كۆز ».

http://ilkitap.blogbus.com

# بىر تەڭگە چۈشتى دومىلاپ

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

بىر دەرھەم چۈشتى جىرىڭلاپ
قولۇمدىن تاش پەلەمپەيگە ،
يوغىناپ ، يورغىلاپ ، جىمىرلاپ...

قول بىلەن پۇل ئارىسىدا
بىر ھازا ، بىر ئۆمۈر ، بىر دەۋر
باشلىنىش ، ھاياجان ۋە سەۋر.
سۈتتۇق بۇغراخان مازىرى ،
لوندون پاي چېكى بازىرى...
كىچىككىنە بىر ئالتۇن تەڭگە
قەدىمى يەتكەن ھەممە يەرگە
شامالدەك يالتىراپ.

قوزغىلاي دېگەندە كېچىلىك پويىز
يەھۇدىي سودىگەر چىقتى ئالدىراپ.

بىر تەڭگە، غايىپتىن چۈشكەن تەڭگە

http://ilkitap.blogbus.com

ئادەملەر كىرەر يولۋاس رەڭگە
ئىتتىلىپ ،
تىتتىلىپ ،
سىتتىلىپ ،
پىشىپ يىتىلىپ...

سىرلىق چاقناپ تۇرار مۇزېيدا
جەسەت ئاغزىدىكى ئالتۇن تەڭگە.

دۇپپۇلدەر يۈرەك ،
بىر تەڭگىنىڭ كەينىدە
رەڭمۇ رەڭ سۈرئەت.
مەنبە: «چۇمبەلدىكى كۆز».

http://ilkitap.blogbus.com

# كۆيۈۋاتقان تىل

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

-ئەرەب شائىرى شەرف س ئەلمۇساغا

قۇملار ئاقماقتا،

گۈل ياپرىقى قانات قاقماقتا،

قىزلار جىممىدە ئېرىمەكتە.

كوچىدا

دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان ياز،

تېنىمدە مەي بولغان ئۈزۈم

تىلىمدا شېئىر شەربىتى.

يۈگۈردۈم ئۈپۈقتىكى قېشىڭغا

غوزەكتىن ئالدىراپ چىققان پېتى.

ھاۋا نېمىدېگەن ئىسسىق.

بىراق سەن

پوپايىكاڭنى كىيىپ

رەسىمگە چۈشتۈڭ،

ئاندىن مەن

224- بەتنى ئېچىپ

http://ilkitap.blogbus.com

سىنى كۆردۈم.
شېئىرلىرىڭ ئۇستاتتى مېنى،
ئىچتىم تۆركچە قەھۋە.
دەملەپ بەردى دەپ سىنى...

قىزنىڭ سۆزلەرنى ئوينىماقتا
توز قۇيرۇقنى ئوينىغاندەك.
ئادىل ساھىلدا ئويلىماقتا
ئايالنىڭ ھەيكىلى دېڭىز بويىدا
مەشئەل تۇتۇپ ئويلىغاندەك.

ۋاشىنگتون-
يۇمشاق بىتون،
يەپ رەڭمۇ رەڭ ئادەملەرنى
بىر ئادەمدەك قويىدۇ ئاقلاپ.

پەخەس بول شائىر
ئەرەبلەرنىڭ ئاپئاق سۆڭىكى
ئۇ يەر - بۇ يەردە تۇرۇپتۇ چاقناپ.
مەنبە: «چۈمبەلدىكى كۆز».

http://ilkitap.blogbus.com

# يۇلتۇزلارمۇ ئۆلىدۇ

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

–شېئىر ئوقۇغان ئەرەب قىزىغا

كۆرمىدىم سېنى
ئەرەب تىلى ئىچىلغان
غۇنچىدەك لەۋلىرىڭنى.
ئاڭلىدىم شېئىرىڭنى،
ئايالىم سۆزلىگەچ
گۈزەل يويۇۋاتاتتى.

سۇدا تاڭ ئاتتى
تاشتەك قاتتىق.

«ئەرلەر قېنى؟»
تاشتەك قاتتىق
تەگدى شېئىرىڭ.

http://ilkitap.blogbus.com

قوللىرىمغا قارىدىم شۇئان

ئايالىڭگكىدەك نازۇك يۇمشاق،

ئاتامنىڭكىدەك ئورغاق تۇتمىغان

بوۋامنىڭكىدەك تۇتمىغان ياراق.

يۇمشاق مەن

تۆمۈر بىلەن تاش ئارىسىدا

ھەتتا ئۆزۈمنىڭ قارشىسىدا

قورتتەك،

توپىدەك،

قەغەزدەك.

ئەركەك پاشمۇ تاپىدۇ بالا

يىشىل گۆگۈمدا چاقناپ ئەرلىكى،

بۆيۈك تۇيغۇلار قېنى مەندىكى؟

يارامدا جىق سۈكۈت ئىزى

خىتاب قىلار ئەرەب قىزى:

ئەرلەر قېنى؟

ئەرلەر ھاۋادا توپا - چاڭدەك،

ئەرلەر خورلۇقتا تۇرىدۇ تامدەك،

http://ilkitap.blogbus.com

ئەرلەر يۇمشاق ئېرىگەن شامدەك.

ئەي ئاياللار تاشلاپ قويۇڭلار
شىر تۇغۇلغان كېچىگە بىزنى،
ئەي ئايالار سولىۋالماڭلار
پارقىرىغان شېشىگە بىزنى.

يۇلتۇزلارمۇ ئۆلىدۇ
ئوتتۇرىسى ئاق
چۆرىسى سارغۇچ،
كۆك نۇر چېچىپ
يۇپيۇمىلاق.
ئەرلەر ئۆلگەندە
رەڭسىز، يۇمشاق.
مەنبە: «چۆمبەلدىكى كۆز».

http://ilkitap.blogbus.com

# رۇزا ھېيت كەلدى!

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

قىزىل دېڭىزنىڭ ئىشكىدە ئاي
ھىلال ئاي كەلدى ئىشىك ئېچىلدى
خورما دەرىخى تۇردۇ ئۇچماي
يېشىل پىيىدىن شولا چېچىلدى
تەقۋالىق ئېتىنى چاپتۇرۇپ بىز
زەپەر قۇچۇپ يېنىپ كەلدۇق تىز
ئوتتۇز كۈنلۈك روھىي سەپەردىن.

سەھەر چەكمەستە دەرىزىلەرنى
گۈگۈم گۈل لىۋىدە ئۆپكىچە يەرنى
ئاچلىق نىمە؟ ئۇسسۇزلۇق نىمە؟
تىتىپ باي - پېقىر، ياش - قېرى ھەممە.
داغلىدى شەيتىنى سىمىز ئايال
باغلىدى زەنجىرگە نەپسى يامان ئەر
يىپىلغىچە يەر - كۆكتىن كىتاب
ئېچىلغىچە كىچىنىڭ لېۋى.
گۈل شېخىدا ئاياللىرىمىز
شۇنچە گۈزەل، شۇنچىلىك پىنھان

http://ilkitap.blogbus.com

هاياتلىق سۇ ئۆستۈدىكى ئىز

ئۆرلەر يورۇق مەنزىلگە ئىنسان

هەي باللار روزا هېيت كەلدى

كەمپت يەڭلا، يەڭلا شىرمان نان

كەلدى روزا هېيت،

قۇش قانىتىدا

زۇلمەت دېڭىزدىن ئۆتكەنچە يورۇپ،

كەلدى روزا هېيت

ئۇسساۋاتقان بىلىق قارنىدا

دەريادا تۇرۇپ.

كەلدى روزا هېيت

دەرەخ كاۋىكىدا

ناتۇنۇش پەسلگە ئېچىپ ئىشك،

ئى مۆئمىنلەر ئۆلگەندىن كىيىن

بارارمىز غەم يوق ياپپىشىل يەرگە

ۋاهالەنكى بو هېيتمۇ يەنە

كىچىك، ئاجىز، تەنها بىر دۇنيا

كۆڭلىكى قان يىغلار كەئبىدە

ئۆلمەي تۇرۇپ بارارمىز نەگە؟

2004-يىلى 11-ئاي 19-كۈنى

# بىر تال يوپۇرماق

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

رەڭگى ئۆچكەن بىر تال يوپۇرماق
دىل قېتىمدا ساقلاقلىق هامان

قەلبىمدىكى قاقاس تۇپراقتا
ئۆسۈۋاتقان بىر تۈپ دەرەخ بار،
بار ئۇنىڭدا بىر تاللا ياپراق،
قەيسەر قەبرە تېشىدەك گويا
كېچىدىكى نۇرلۇق چولپانلار،
ۋە قاراڭغۇ تاغ ئۆڭكۈرىدە
تۇخۇم بېسىپ ياتقان كەپتەردەك،
ئەڭ ئاخىرقى كۆلكىسى بىلەن
قېتىپ قالغان لەۋلەردەك.
خىيالىمدا
قونۇپ ئۇنىڭ يوپۇرمىقىغا
پەيلىرىنى تارايدۇ باھار.
يېشىل نۇرلار ياتىدۇ ئۇخلاپ
ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ شامال.

http://ilkitap.blogbus.com

قەلبىمدىكى قاقاس تۇپراقتا
بىر تۈپ دەرەخ بىر تال يوپۇرماق.
ئۇ ئوخشايدۇ كىمدۇر بىرسىگە
ۋە ھېچكىمگە ئوخشىماس بىراق...
1989-يىلى 12 - ئاي

# كۈن غەربىپتىن چىققاندا

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

ئايرىلمىز بىز چوقۇم،
كۈن غەربپتىن چىققاندا.
يا كۈن چىقار غەربپتىن،
بىز ئايرىلماق بولغاندا.

ئاي كۆرنەر يىراق دالادا،
ئاق قاناتلىق غىرىبانە قار،
بىسىپ ياتقان گۆھەر تۇخۇمدەك
قىش كېچىسى غەمكىن سەھرادا
قەلبىمدىكى ئۆزۈمدىن بۆلەك
كىممۇ ماڭا بولاركىن ھەمراھ؟
ئەگىشتۈرۈپ جىمجىت خىيالنى
ئايلىنىمەن ھويلىدا تەنھا.
ئاپئاق كېپەن ئارتىۋالغان قىش،
كۈلۈمسىرەپ تۇرار يېنىمدا.
كىرپىكلىرىدە
بوستان ياساپ ئۈيقىدىن،

http://ilkitap.blogbus.com

ئانام، دادام ياتار سۇپىدا.
تاتلىق چۈشلەر،
ئۇچۇپ چىقىپ ئۇكىللىرىم كۆزىدىن
كۆڭلىكىنى كىيىپ رەڭگارەڭ
ئۆي ئىچىگە لىپمۇ لىق تولۇپ
پەرۋاز قىلىپ ئوينايدۇ ئۇسۇل.
كەنتتىكى ئىتلارمۇ بۇ كەچ،
قوشاق قېتىپ جۇدالىق ئۈچۈن،
تۈنەپ چىقار تاڭغىچە پۈتۈن.
مورىسىدا پاكار ئۆيلەرنىڭ
مېنى چوقۇم ساقلاپ ئولتۇرار،
خوشلاشماققا ئاخشامقى تۈتۈن.
مۇز چاقنىغان قارلىق ئېتىزدا
كۈتىشىدۇ سەھەرنى ئويغاق،
توڭ تېزەكلەر چىقارماي ئۈن-تىن.
قۇشقاچ كۈيى،
توڭلاپ قالغان جىگدىلىك،
جانلىنارمۇ مۇڭلۇق قوشاقتا،
تىلغا كىرىپ ئەتە مەن ئۈچۈن؟

غەربى ياقتىن چىققان كۈن بىلەن،
نۇرلانغاندا سەھرا ئۈپىقى،

http://ilkitap.blogbus.com

خوشلىشارمەن بۇندا ھەممىدىن،
كىرپىكلىرىم تاتلىق چۈش يۇقى،
ئايرىلىپ ئىخ خىلۋەت كۆلبەمدىن
يول ئالارمەن يىراق شەھەرگە.
پەرىشتىگە ئايلىنىپ شۇچاغ
ئۆزۈمدە يوق بولغىنى ئۈچۈن
بەخت شادلىق تىلەپ قالىمەن،
بۇندا قالغان جىمى نەرسىگە.
1990-يىل 2-ئاي. قاغىلىق

http://ilkitap.blogbus.com

# تورغاي قانىتىدىن تۆكۈلەر قۇياش

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

تورغاي
قانىتىنى قاقار دالىدا
پەيلىرىدىن تۆكۈلەر قۇياش...

شاماللاردىن، مۇزدەك ھاۋادىن
تېمىپ چۈشەر سۆزۈك - سۆزۈك نۇر
تۈن كېچىنىڭ كۆز يېشى ئوخشاش.
باشلانماقتا خىيالچان سەھەر
ۋاللىدىغان تاشلار ئارىسىدىن،
يۇلغۇنلارنىڭ چاتاقلىرىدىن،
توڭلاپ قالغان قۇش مايىقىدىن
مۇز دېرىزە ئاستىدىن باققان
جىمجىت ئېرىقتىن.

بارىمەن ئۇندا
يۈرىكىمنى پەپلەپ
دادام ئېيتقان غەمكىن قوشاقتا.
توپا يولدا كالا تېزىكى
زاكىدىكى بوۋاقتا ئوخشاش
تاتلىق تىنىپ كەتكەن ئۇيقىغا.

http://ilkitap.blogbus.com

تورغاي
قانىتىنى قاقار ئېتىزدا
پەيلىرىدىن تامىماقتا قۇياش.

كرىستالدەك سۈزۈك شاخلاردا
نۇرلانماقتا قۇشلار چاڭگىسى.
نۇرلانماقتا كۆمۈش چېچەكلەپ
داللارنىڭ يېراق چەت - چېتى.
باللىقىم شۇنداق سەھەردە
چورۇق بىلەن قار كەچكەن يەردە
يۈتتۈرۈۋەتكەن قوشاقتىن بۆلەك
يوقتۇر مەندە ئۆزگىچە ئاۋاز،
يوقتۇر مەندە شائىرلىق تىلەك.
شۇڭلاشقىمۇ قارلىق داللىدا
تىنەپ يۈرگەن ئىت ناخشىسىدا
سەت ۋە قوپال ئاۋازىم بىلەن
تەبىئەتنى كۈيلەيمەن تەنھا.
يىغلاڭغۇ دۇنيا
چاقىرىدۇ يىراق ئۇپۇقتا...

تورغاي
قانىتىدىن تۆكمەكتە قۇياش.
1990- يىلى 2 ـ ئاي، قاغىلىق

http://ilkitap.blogbus.com

# سەرگەردان سايە

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

قۇياش
ئوخشار مېنىڭ ياتىقىمدىكى
ئەڭ ئاخىرقى بىر تال شامغىلا.

كىم ياسىغان ئۈزۈن ئۆپۈق بۇ؟
كىم قالدۇرغان سەرگەردان سايە؟
ئەينەكتىنمۇ نازۇك قەلبىمگە
چۈشكىنىدە كىمنىڭ شولىسى
بولۇپ كەتتى پارە مىڭ پارە.

ئېلىپ كەلدىم شەھەرگە
سەھرانىڭ قۇم ئېرىقلىرىدىن
خامانچىلار تومۇز ئىسسىقتا
خامان تەپكەچ ئېيتقان قوشاقنى.

رۇجەكتىكى سەت قەغەزلەردەك
مۇشۇ ئاددىي قوشاقلار بىلەن

http://ilkitap.blogbus.com

قويماق بولدۇم ھاياتنى بېزەپ.
لېكىن يەنىلا
ئېشەك مىنىپ يۈرگەن چاغلاردەك
تاپالمىدىم شادلىق ئەمىنلىك.
قاپتۇ ماڭا غېرىبلىق بىلەن
باللارچە مەيۈس تەمكىنلىك.

پاكلىق گويا گۈزەل چۈشۈمدۈر
بۆشۈكۈمدە قالغان ئۇنتۇلۇپ.
بېسىپ كىرىپ روھىمغا كۆز ياش
بۇلاپ كەتتى نۇرغۇن نەرسەمنى.
شۇ ئازغىنا بىچارە كۈلكە
بارى يوق بىساتىم پەقەت.
تىلەي دۇنيا مىڭ رەت مىليون رەت
تارتتۇالما ئۇنىمۇ يەنە.

تىلمەيمەن سەندىن تەبەسسۇم
تىلمەيمەن سەندىن ئۈمىد ھەم،
ئېھ تىلەيمەن، تىلەيمەن پەقەت،
مەن چوڭ بولغان بۆشۈكىمنىلا.
بىر دەقىقە ياتاي بۆشۈكتە
ئانام بولۇپ بەرسەڭچۇ دۇنيا!

http://ilkitap.blogbus.com

شولا تارتىپ دېرىزىلەرگە
كەچكى قۇياش پاتتى شەھەرگە.
كىم ياسىغان ئۇزۇن ئۇپۇق بۇ
كىمدىن چۈشكەن ئۈمىدۋار سايە؟!

گۈگۈم قۇياشى
يۈرىكىمگە پاتماقتا ئاستا...
1990-يىل 3-ئاي

http://ilkitap.blogbus.com

# قۇشقاچلارغا ئەگىشىپ

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

مەن بوۋامدەك، بوۋام مەندەك كۆنلەردە
قىش باھاردەك، باھار قىشتەك پەسىلدە،
سەن مەن بولۇپ، مەن سەن بولۇپ
قايتىپ كەتكۈم كەلدى كەنتىمگە
قۇشقاچلارغا ئەگىشىپ.

قۇشقاچلارغا ئەگىشىپ،
تاڭ سەھەردە ئالما شېخىدا،
ئالما گۈلى پۇراۋاتقان كاككۇكتەك،
قىلغۇم كەلدى ئۇماق تەبەسسۇم.
ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئەتراپىدىكى،
ئاددىيغىنا ياۋا ئوتلاردەك،
قول تۇتۇشۇپ شاد ـ خۇرام،
يۈرگۈم كەلدى شاماللار بىلەن.
خىيال سۈرۈپ پاك مەسۇم.
قۇشقاچلارغا ئەگىشىپ،
تومۇز ئىسسىقتا.
ساڭگىلىتىپ تىلىنى،
ئاستا ـ ئاستا سۇ سۈمرىۋاتقان،

http://ilkitap.blogbus.com

بۇلاق بويىدىكى سۆيۈملۈك ئىتتەك،
تۇرغۇم كەلدى بىر ھۇزۇرلىنىپ.
يوغان – يوغان قوغۇننى چۈشەپ،
چۈنەكلەردە ئۈيقىغا كەتكەن.
قوغۇن مايسىلىرىنىڭ پىلەكلىرىدەك،
ياتقۇم كەلدى ئۇزۇن سوزۇلۇپ،

قۇشقاچلارغا ئەگىشىپ
ئوڭغۇل – دوڭغۇل كەنت يولىدا،
نەشە بىلەن خۇش كەيپ بولۇپ
ئاستا غېڭىشىپ كېتىۋاتقان
قىمارۋازنىڭ ئايدىڭ كەچتىكى
ناخشىسىنى تىڭشىغىم كەلدى
غۇنچە بويلۇق تېرەكلەر بىلەن.

قۇشقاچلارغا ئەگىشىپ،
تۇل چوكاننىڭ ھويلا تېمىدىن.
كۈندىكىدەك ئارتىلىپ چۈشۈپ،
قۇراق تەكىينى جۈپلەپ پەم بىلەن
يۇلتۇزلار ئارىسىدا ئۇيقۇغا كەتكەن،
كۈندۈزدىكى مۆڭ يىگىتنى
كۆرگۈم كەلدى ھاياجان بىلەن
ئۆگزىدىكى ئۇياتسىز ئايدەك.

http://ilkitap.blogbus.com

قۇشقاچلارغا ئەگىشىپ
پىژ-پىژ ئىسسىقتا قوش ھەيدەۋاتقان
چاڭگا ساقال دېھقانىنىڭ،
خەسە كۆڭلىكىگە چاپلىشىپ كەتكەن
مەيدىسىدىكى قارا تەرلەرنى
قويغۇم كەلدى يېقىملىق سىيپاپ،
يەلپۈگۈچلۈك سالقىن ھاۋادەك.

قۇشقاچلارغا ئەگىشىپ،
كۆرگۈم كەلدى ئۇ يەردىكى
رۇس قىزنىڭ كۆزلىرىدەك
كۆپكۆك ئاسماننى،
كۆرگۈم كەلدى ئۇ يەردىكى
پەرىلەرنىڭ قاناتلىرىدەك
تىترەپ تۇرغان ئاق بۇلۇتلارنى.
كۆرگۈم كەلدى ئۇ يەردىكى
گۈل چېكىلگەن بادام دوپپىدەك،
قىزىل گۈلگە تولغان دالانى.

مەن بوۋامدەك ،بوۋام مەندەك چاغلاردا،
قىش باھاردەك، باھار قىشتەك پەسلدە.
سەن مەن بولۇپ، مەن سەن بولۇپ
قايتىپ كەتكۈم كەلدى كەنتىمگە.
1990-يىلى 4- ئاي

http://ilkitap.blogbus.com

# پىۋىخانا

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

پىۋىخانا
ئوخشمايدۇ جەننەتكە.
ئىشكلىرى ئوخشاپ قالسىمۇ
ئوخشمايدۇ دېرىزىلىرى.

كۆزلەر خاتا كۆرمىگەن بولسا
كىر لۆڭگىنى ئارتىۋىلىپ بويىنىغا
چىپىپ يۈرگەن ئەشۇ ساختا كۈتكۈچى
بوپ باقمىغان، بولالمايدۇ پەرىشتە.

ساقاللىرى قۇياشتەك بوۋاي
پىۋا ئىچىپ بىر جام بىر جامدىن
ياشلىقىغا قايتار ئالدىرماي.

نامازشامگۈل نامازشامدا ئېچىلار
شۇ سەۋەبتىن مەيخانا بار كوچىلار
گۈل كۆرنەر غېرىبانە بولسىمۇ.

http://ilkitap.blogbus.com

كۆچلۈك پىۋا، ئۆتى يامان ئايالدەك
شىرىنلىقىنى كۆيدۈرىدۇ يۈرەكنى.
كەلتۈرۈلسۇن قاپاق – قاپاق پىۋىلار.
قاپاقتىكى
پىۋا ئەمەس ئىھتىمال.

جاۋغىيدىن ساڭگىلىغان نۇر
سوئال بەلگىسى بولۇپ قالدى كىملەرنىڭ؟
ياتقىنىدا ياستۇق قىلىپ شىرەنى
رىيائاللىقىقا يېرىم ئاچقان كۆزىدە
گۈزەل چۈشلەر ئۈيۈپ قالدى كىملەرنىڭ؟

ياساپ چىقار كۆز ئالدىغا مەست يىگىت
تولغان، ئاپئاق يوتىلارنى خىيالەن.
تىترەپ تۇرغان كۆلەڭگىلەر نۇر ئارا
ياساپ چىقار مەستكە ئوخشاش راست ئادەم.
ياساپ چىقار ئەڭ دانىشمەن پەيلاسوپ
بەخت ئۈچۈن ئۆلۈمنى جەزمەن،
مەيخانىدا تۇرسا مەن بىلەن.

پىۋاخۇمار نۇرغۇن ئادەملەر
ئىچىشىدۇ يېشىلىشكە مەستلىكتىن
ياكى ئىچەر مەست بولماسلىققا قايتىدىن.

http://ilkitap.blogbus.com

# يامغۇرلۇق كېچە

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

يامغۇرلۇق تۈن كەتسە يىراقلاپ
كىرپىكلەر شام ئاقار تاراملاپ.
يەم بولمەن كۆزلەرگە تەكرار
بىرلىرىگە ھولۇقۇپ قاراپ
بىرلىرىنى قىلىپ ئىختىيار.

بەلكىم
مەڭگۈ يىپىق ئىشىك تۈۋىدە
كۈتكەندىمەن بەختىمنى شۈنچە.
شېئىر يېزىش ئۈچۈن مەن لېكىن
تەقەززامەن قايغۇ ـ ھەسرەتكە.

مەندە يۈرەك بولغاندىن باشلاپ
ئۆزۈمگە ئۆزۈم
تەۋە بولۇپ باقمىدىم بىر كۈن.
ياشىمىدىم سېنى دەپمۇ ھەم
ياشمايمەن ھېچكىمشى ئۈچۈن.

http://ilkitap.blogbus.com

ئىگەللىگەن باشقىلار ئەمما

ئوڭۇم ئەمەس چۈشۈمنى ھەتتا.

ئۆتمۈش

ئۆز لېۋىنى يامغۇرلۇق كەچتە

لېۋىم تامان كېلىدۇ سوزۇپ.

كەشتىلەيمەن خىياللىرىمغا

نۇر تۆكۈلۈپ تۇرغان بىر لەۋنى

(سىم – سىم يامغۇر كەتكەندە توزۇپ)

تاتىرىمەن نۇر بولۇپ ئاپئاق

قايتقاندا نۇر سۇنۇق ئەينەكتىن.

سۆيەلمەيمەن ئۆزۈمنى شۇڭا

سۆيەلمەيمەن سېنى بۆلەكتىن.

خىياللىرىم بولغىچە بوۋاي

سۆيەلمەيمەن سېنى بۆلەكتىن...

يامغۇرلۇق تۈن كەلسە يېقىنلاپ

كىرپىكىم شام ئاقار تاراملاپ.

يەم بولىمەن كۆزلەرگە تەكرار

كېچە مېنى كېتىدۇ يالماپ.

1990 - يىلى 10 – ئاي

http://ilkitap.blogbus.com

# غېرىبلىق

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

غازاڭلار تۆكىلەمدۇ
تۆكۈلگەنمىدۇ؟
دەرەخلەر مېنىڭدەك يالغۇز قالامدۇ؟
ھاياتنىڭ مەن سالغان چىغىر يولىدا
مەن ئۆزۈم ماڭمىسام ئادەم ماڭامدۇ؟

ئۆمۈچۈك توردەك غېرىبسىنىشنى
قاراڭغۇ ئۆيلەردەك يالغۇز قېلىشنى
ئۈمىدسىز شېئىردەك يىغلامسىراشنى
ئۆگەنگىم يوق ئىدى، يوق ئىدى زادى.
يەپ كېتەرمۇ تاملار توساتتىن
تاۋۇتقا ئايلىنىپ قالارمۇ كارىۋات؟
جان كىرىپ قالارمۇ بۇ رەسىملەرگە
ھەممىسى دۈشمىنىم كۆزىتەر پات-پات.

سېغىندىم دوست تۇگۇل دۈشمىنىمنىمۇ
خوش بولۇپ كېتەتتىم كىم بولسا شۇ تاپ.

http://ilkitap.blogbus.com

**كۆرگۈم بار**

**كۆزلەرنى، يۈزلەرنى، ئىسسىق قوللارنى**
**يالغۇزلۇق ئەزدى بۇ يۈرەكنى ئۇزاق.**

**كۆرۈنۈپ تۇردۇ دېرىزەمدىن ئېھ**
**جۇل - جۇل تۇمانغا يۈگەنگەن گۈگۈم**
**سەدىقە بەرمدى ھېچكىم ئۇنىڭغا.**
**1990-يىلى 11 - ئاي**

http://ilkitap.blogbus.com

# ئەنئەنە چەمبىرىكى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

ئايلىنىپ چەمبەرنىڭ تۆت ئەتراپىدا
ئۆزۈمنى نىشانلاپ ماڭغاندەك گويا
ئۆزۈمدىن يىراقلاپ بارىمەن ئاستا.
ئاتاقلىق رەسسام مەن ئازماستىن ھامان
چىرايلىق قۇشقاچنى سىزماقچى بولسام
سىزىمەن قەپەسنى ئوخشۇتۇپ باشتا.
ئۆزۈمنى ئىپادىلەپ سالماسلىق ئۈچۈن
ماڭىمەن ئېھتىيات قىلىپ بەك ئاستا.
بەرمەستىن قەلبىمگە سۆزلەش پۇرستى
سۆزلەيمەن ۋالاقلاپ خەق ئاڭلىسۇن دەپ،
سۆزلەيمەن سۆزلىنىپ بولغاننى پەقەت
(خاتالىق ئۆتكۈزمەس بولغىلى ئەبەد)
كىشىلەر مېنىڭدىن سورىسا راست گەپ
ئەڭ گۈزەل ئىشەنچلىك ئويدۇرما بىلەن
ھەممىگە يات بولۇپ كەتكەن يالغاننى
يېقىملىق ئاۋازدا سۆزلەيمەن ھەدەپ.
ئادەملەر شۇڭا

http://ilkitap.blogbus.com

ئۆزىگە ئىشەنگەندەك ئىشنىپ ماڭا
كۆزۈمگە قولۇمغا، پۇتۇمغا سۆيۈپ
چوقۇنار بەس-بەستە خىزىرىمىز دەپ.

تونۇلغان رەسسام مەن
قولۇمدا ئويناپدۇ كۈرمىك بوياقلار
چىرايلىق قۇشقاچنى سىزماقچى بولۇپ
سىزىمەن قەپەسنى دائىم ئوخشۇتۇپ.

ئايلىنىپ ھاياتنىڭ تۆت ئەتراپىدا
يەنىلا كەپ قالدۇق ئەشۇ نۇقتىغا.
1990- يىلى 11 – ئاي

http://ilkitap.blogbus.com

# ئۆمۈچۈكنىڭ قەبرىسى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

كىمنىڭ ئۆيى بۇ
پۇل ۋە تورۇس تۇتىشىپ كەتكەن؟
كىم ئۇ نۇردەك قىمىرلاۋاتقان؟
كىم ئۇ مەنمۇ ياكى ئۆمۈچۈك؟
كىم قەلبىمگە ئاچماقچى تۆشۈك؟

ئۆمۈچۈك
كېتىمىز بەك ئۇزاق پىچىرلىشىپ بىز
سەن مېنىڭ بىردىنبىر دىلداش ھەمرايىم.
سۆيىمى ئۆزىنىڭ
تال ـ تال رەڭدار يىپلىرى بىلەن
توقۇپ چىققاندەك تاپ پەردىسىنى
ئازماستىن تىنماستىن توقۇيسەن دائىم.
سەن ـ ياتلىق بولمىغان توقۇمچى قىزسەن،
مەن سېنىڭ ئامرىقىڭ سۆيگەن يىگىتىڭ.
چىرمىلىپ ھېسابسىز خىيال يىپىغا
شائىر ئۇ ئۆن ـ تىنىسىز قوشاق توقۇغان

http://ilkitap.blogbus.com

تۇقىدۇ...تۇقىدۇ ئالماستىن ئارام...
سىم-سىم كۆز ياشلىرىم چۈشسە تۆكۈلۈپ
ئۆمۈچۈك يىغلىدى دەمدىم ئۆكۈنۈپ؟

تورۇسقا قارايمەن بۇزۇلار كۆڭلۈم
نېمشقا خانەم سوغ مۇنچە غېرىبان؟
ھەي، نېمشقا مەن
پۇخادىن چىققىدەك كۈلەلمسەممۇ
پۇخادىن چىققۇدەك يىغلىۋالمايمەن.

سورىساڭ مېنىڭدىن نەدە قەبرىستان
ئېيتىمەن بىر كۈنى ئۆمۈچۈك ھامان
بىرىدۇ جىممىدە ئۆز تورىدا جان.
1990-يىلى 12 -ئاي

http://ilkitap.blogbus.com

# ئۆي

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

بار بولغاچقا دېرىزە
ئوخشىمىغان ئۆيلەر قەبرىگە.

توڭلاپ قالغان دەرەخزار ئارا
خىلۋەت قارغا پۈركۈنۈپ كەنتىم
ئاق بايتالغا ئوخشار جىمغىنا.
پاكار ئۆيلەر قىڭغىر ئىشىكلەر
يىراقلادىن قىلار تەبەسسۇم
كېلىشۋاتقان يات يولۇچىغا.
تۇمشۇقىنى سوركەپ ئاق قارغا
تام ئۈستىدە ماڭار ئاي نۇرى
چوكامۇزلار قالدۇ چاقناپ.
يىغلىغاندەك ھاۋشىيدۇ ئىتلار
ئۇ يەنىلا ئەمەس يېڭىلىق.
پەنجىرەمگە كۆمۈش تور تارتىپ
بەزلىمەكچى بولار ئۆمۈچۈك
بىرەلمەيدۇ لېكىن ئىللىقلىق.

http://ilkitap.blogbus.com

ياشلىرىمنى سۈرتمەن تىنماي
شېئىرىمنى قول ياغلىق قىلىپ.

مەن سەھرانىڭ غېرىب شائىرى
غېرىب ئاي ۋە قەلەمدىن باشقا
تونىمايدۇ ھېچكىممۇ مېنى.
خىيالىمغا سالغان كەپەمگە
كەپ باقمىدى تېخى بىر ئادەم.
كەلمەسلىكى مۇمكىن ئەبەدىي
بەلكىم يالغۇز مېنىڭدۇر ئالەم.

خىيالىمنىڭ يىراق چېتىدىن
شولا تارتىپ كۆتۈرىلەر كۈن.
بەرىبىردۇر ئەتىمۇ يەنە
بەرىبىردۇر كۈنلەر مەن ئۈچۈن...

مەن ھۇجرامنىڭ غېرىب شائىرى.

http://ilkitap.blogbus.com

# مۇزىكىنىڭ سۈرىتى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

لەيلەپ چۈشتى ئالتۇن رەڭ ئاۋاز،
شىلدىرلايدۇ
تامدا
بۇلاقلار. . .
قالدى بىر قىز نىلۇپەر بولۇپ،

پەرىزاتلار چۈشسە مۇنچىغا،
قويۇپ كېتەر خۇش پۇرىقىنى
قەلبىمىزدە قىزلار ياشايدۇ،
كۆرسەتمىدۇق ھېچكىمگە ئۇنى.

شەھەر بىرتال نۇر تامچىسىدۇر
كۆز يامغۇرى توختىغان كۈنى.
كەتتى بىر قىز نىلۇپەر بولۇپ،
شىلدىرلايدۇ تامدا بۇلاقلار،
ئۆرۈمچى،
مەن ئۆچۈن ئەڭ يېقىملىق
مۇزىكا سەن يەر شارىدىكى.

# قىشتىكى يول

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

غەم ـ قايغۇغا ئوخشايدۇ تۇمان،
لەيلەپ كېلەر چايقىلىپ لەرزان.
ئېرىشەلمەي گۈزەل ئۈمىدكە،
بولۇپ قالدىم چەكسىز غېرىبان.

قارلىغاچنى، يەرنى مورىنى،
ئاق كېچىنى، رۇجەكنى، نۇرنى.
سىزماقتا قار ئازماي بىمالال،
سىزالمىدىم ئەمما باھارنى،
سىزالمايمەن نېمىشقا سېنى.
يېشىل قۇشلار نەگە كەتكەندۇر؟

چەكسىز قىشتا، قىشتا تىنىمسىز
جىمغۇرلىشىپ قالدى خىيالىم.
ئېرىشكىنىم گاچا بەختتەك،
سۆزلىيەلمەي يىغلايدۇ دائىم.
قىچقىرىمەن كىمدۇر بىرسىنى،

http://ilkitap.blogbus.com

ئۆچۈۋاتقان يۇلتۇزغا ئوخشاش،
ئاستا ـ ئاستا ئۆچەر ئاۋازىم.

مەن تېخىچە كېتىۋاتىمەن،
كىملىكىنى بىلمىدىم قىشنىڭ
كىملىكىڭنى بىلمىدىم سېنىڭ.
1991-يىلى 1 ـ ئاي

http://ilkitap.blogbus.com

# قەغەز شەھەر

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

...ئارىسىدا نامسىز بوشلۇقنىڭ
يۇرەر لەيلەپ
لەيلەپ شېئىردەك.
تىنىق – تىنىق خىيال نۇرلىرى
تامچىلايدۇ تاغلىق شەھەرگە.
يورۇپ كېتەر ئاستا، بىر - بىرلەپ
...شۆپۈك...تېزەك...گۈل...يېتىم بالا
يول ئايلىنىپ قالار سەھەرگە.

كالىچىنى سۆرەپ بىر بوۋاي
ئۆتۈپ كەتتى جىمجىت ئاۋازدەك.

پورەك – پورەك گۈلگە ئايلىنىپ
ئۈزۈپ چىقار قاراڭغۇلۇقتىن
ئويچان ئېغىر تاماكا ئىسى.

ناۋايخانا ئاشخانىلار بار

http://ilkitap.blogbus.com

جۇل چاپاندەك مېھرلىك كوچام
كىممۇ ساقلاپ تۇرغاندۇ سېنى؟

سۇبھى ھىدى، نەشە پۇرىقى
ئەگىم ئايدەك ئېچىلغان رۇجەك
يۇرەر لەيلەپ
لەيلەپ شېئىردەك.

...شەھەر...
...قەغەز...
...تەنھالىق...
1991-يىلى 4 – ئاي.

http://ilkitap.blogbus.com

# كوچا سۈپۈرگۈچى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

بىر ئايال ۋە قۇيرۇقلۇق يولتۇز،
بىر سۈپۈرگە ۋە سامان يولى.

1991-يىلى 5 ـ ئاي

http://ilkitap.blogbus.com

# چىرايلىق يىغلاش

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

ۋاقىت، دۇنيا، قاناتلىق بىر قىز
ئۇچۇپ كەتتى قاۋاقخانىغا.

سۇنۇق كاسام سۇنغان سەنمۇ، مەن؟
شاراپ قېنى، مەن ئىچتىمۇ، سەن؟
ئاخشام باھار بولغان ئەمەسمۇ،
كۆتكۆچى قىز چېچەكلىمەمسەن؟!
ناخشا ماراپ تۇرغان ئاغزىمدىن
چۈشۈپ قالدى يانتۇ بىر ھەرپ.
مايماق دەسسەپ كەتتى ئورمانغا،
چىغىر يوللار بوپ قاپتۇ كەيىپ.
نېمە بولدى كۆلەڭگەم ساڭا،
تۇرسەنغۇ ھېجىيىپ ماڭا؟

خۇمارلىشىپ قاپتۇ يۇلتۇزلار،
كېچە ئۇخلار مەستخۇش مۇلايىم.
سەن ئېسىمگە كېلىسەن نېچۈن،

ئۆتتۈپ كەتمەك بولسام ھەردائىم.
مەن زادىلا يىغلاپ باقمىغان،
ئىھ، قانداقراق چىقار ئاۋازىم؟
ئاي شولىسى كەلمەكتە ئاستا...
ساق ۋاقتىمدا بارالمىغاچقا،
مەن ئالدىڭغا كەلدىم مەست بولۇپ.
كەچۈر، مېنى قەدىردان ئەسكى،
تۇرالمىدىم ئالدىڭدا دەسسەپ،
دەرەخلەردەك قالدىم لەپپەڭلەپ.

ئاي شولىسى كەلمەكتە ئاستا...
ساڭا سوۋغا ئېپ كېلەلمىدىم،
ئىھ، بۇ نامرات كۆڭلۈمدىن باشقا.
بەختىمىزگە يوق ساڭا بەرگۈدەك،
ئېپ كەلگىنىم بىر دەستە سۆكۈت.
تىلىمەيمەن سەندىن بەختىمنى،
دېيەلمەيمەن بىر مىنىلا كۈت.

تىمسپ چۈشتى يۇلتۇزنىڭ يېشى،
بۇ ئاخىرقى كېلىشىم مېنىڭ،
كەچۈر مېنى سۆيۈملۈك قىزچاق
ئېپ كەلگۈدەك سوۋغام بولمىغاچ

http://ilkitap.blogbus.com

سوۋغا قىلدىم ساڭا شاپلاق.

سەن قەيەردە ئەي پۇچۇق كاسام،
يۈر، كېتەيلى قاۋاقخانىغا.
ئىككىمىزمۇ سىردىشالمايمىز،
مەستلىكتىن يېشىلسە دۇنيا.
يۈر، كېتەيلى قاۋاقخانىغا.
1991-يىلى 5 - ئاي

http://ilkitap.blogbus.com

# سىنىپ

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

ئاۋازىم بار تاتارغان تامدا.

ئۆمۈچۈكنىڭ پاچاقلىرىغا
باغلاپ قويغان ئاۋاق يېزىققا،
قاراپ ـ قاراپ كەتتىم خىيالغا.

ئۇ كۈنى،
كالېندار يوق ئىدى دۇنيادا.
غازاڭ كەبى مۇڭلۇق بىر كۈلۈپ،
قار ئۈستىدە ياتقان ئاشۇ ئىز
ئەگەشكەنتى كەينىڭدىن ئەي قىز.
كېيىك كەبى كەتتىڭ يىراقلاپ،
قاراپ قالدىم ئۈنسىز ـ ئۈمىدسىز.
نۇر يىپلىرى تامار روجەكتىن،
تېمىم ـ تېمىم كۆز ياشلىرىمدەك.
شائىر بولۇپ قالدىم سەن ئۈچۈن،
تەنها ئۆتمەك بولدۇم سىنى دەپ.

http://ilkitap.blogbus.com

«مەن» سۆيمىگەن ئۆزۈم تۈپەيلى،
ھېچكىم مېنى سۆيمىسە مەيلى،
كەل غېرىبلىق، قويغىن قۇچاقلاپ،
كەل ئېھ ئۆمىد، سۆيۈپ قوي مېنى.
كۆلۈمسىرەر ئۆمۈچۈك تورى...
1991-يىلى 5 – ئاي.

http://ilkitap.blogbus.com

# خاتىرەمنىڭ كۈزدىكى بېتى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

كۈلۈپ تۇرغان كۈز غازاڭلىرى
بەك ئوخشايدۇ، ئوخشايدۇ ماڭا.
كۆرسەتمەستىن كۆز ياشلىرىمنى،
يىغلىۋالسام خىلۋەت جايلاردا.

غەمكىنگىنە بىر دېرىزىدىن،
تامچىلايدۇ غېجەك ئاۋازى.
خىيالىمغا پىچىرلىغان كۆز،
تېلىققاندا پورەكلىگەن ئۈن،
تىترەۋاتقان ئۆمۈچۈك تورى.
ئۆگزىسىدە قىستاڭ ئۆيلەرنىڭ
يالتىرايدۇ جىمجىتلىق نۇرى.

تۆكۈلمەكتە ئالتۇن غازاڭلار.
قۇش مەلىكە كەتتى توي قىلىپ،
ياقا يۇرتنىڭ شاھزادىسىگە.
بۇ يەرلەردە غازاڭدەك ئۈمىد

http://ilkitap.blogbus.com

تەسەللىي بوپ قالدۇ بىزگە.
بىر – بىرىدىن پارلاق غازاڭلار
تۆكۈلدۇ باش ئۈستىمىزگە.

سىلىقلىتىپ ئىچ كىيىمنى،
گويا خۇشبۇي توي تۆشكىدە
ئوماقىقنا ياتار تەبىئەت.
كۆز رەڭگىگە كىردى سارغىيىپ،
خاتىرەمدە قالمىدى ئاق بەت.

خىيالىمغا دەسسەپ بىر قىزدەك
كېلىپ قاپتۇ مۇڭلۇق سېنتەبىر.
دەيمەن ھېچكىم قالمىسا كۆرۈپ،
قىنىپ – قىنىپ يىغلىۋالسام بىر!
1991-يىلى 9 – ئاي.

http://ilkitap.blogbus.com

# ئۈمىدلىك بىر كۈن

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

يۈرىكىمنى نۇرلاندۇرماقتا،
سەن قەدىردان بارماقلىرىڭدا
يىراق كەچكى كۆز ئورمىنىغا
كۆمۈپ قويغان چىرايلىق قوياش.

كىچىككىنە غېرىبلىق بۈگۈن
گويا ئاجىز بىر تال قۇرۇتتەك،
دەپتىرىمدە يۈرەر ئۆمىلەپ.
سۆزلىمەكتە سەپرا مۇئەللىم،
يىڭناغۇچتەك يەڭگىل خىيالىم،
ئۇچۇپ كەتتى دېرىزىلەردىن.

مالچى بوۋاي قاناتلىرىغا
باغلاپ قويۇپ قومۇش نېيىنى،
تاش ئۈستىدە كېتەر ئۈيقىغا،
مەن سەھرانىڭ غەمكىن شائىرى،
قەلبىم ئوخشار زىل تارىلارغا.

http://ilkitap.blogbus.com

غازاڭلارنىڭ گۈللىكىدە مەن،
تېپتىنىچ كۆز نەۋلىرىدىن
تىڭشايمەن بىر جىمجىت ئۈمىدنى،
يامغۇر قىزنىڭ تىۋىشلىرىنى،
خىياللىرىمنىڭ قۇلاقلىرىدىن
تارقاپ كەتكەن ئاۋازدەك سىنى.

بۈگۈن ئېھتىمال،
بىرەرىدىن خەت كىلىپ قالار،
كۆرگەن چۈشۈم راستقا ئايلىنار،
مەن كوچىدا ئۇچراتقان بىرى،
بىردىن يىقىن دوستۇم بوپ چىقار.

بۈگۈن
سۆيۈۋاتسام ئۆز- ئۆزۈمنى مەن،
پىسسىڭدە كۈلدى مارىلاپ،
ئىشكىمدىن خۇمار كۆز دۇنيا.
كالىنىدارنىڭ بىر تال ۋارىقى
گۈل بەرگىدەك تۆكۈلدى ئاستا.

1991-يىلى 9 – ئاي.

http://ilkitap.blogbus.com

# قەشقەر ۋاقتى سائەت ئالتىدە

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

گەپ قىلالماي بىر بالا،
يىغلىشۋەتتى قاراپ يۇلتۇزغا.

ئاي تۇغقان شەھەر
چەكسىز كەتكەن چۈش بوشلۇقىدەك
يۈرگىنىدە ئۇيقۇمدا لەيلەپ،
قۇيرۇقلىرى مەپە ئېتىنىڭ
مىسرا كەبى جىمجىت كوچىدىن
تاڭ سەھەرنى ئېپ كەلدى سۆرەپ.
(ئويغانمىغان ئۇ چاغدا تېخى،
تىزەكلەر ھەم گۈللەر يولدىكى)
مەن پارىژغا بىرىپ باقمىغان،
مەن مارىسقا چىقىپ باقمىغان.

بىر شەھەرگە باردىم مەن،
كۆز گۈللىرى كۆمگەن ئەتراپنى
ئېقىپ تۇرغان كۆز بۇلاقلىرى.

http://ilkitap.blogbus.com

پەرىشتىلەر ياشايدۇ بۇندا
يۇلتۇزلاردەك ئەسلەپ سۈكۈتتە
يۈتتۈرۈۋەتكەن قاناتلىرى.
يىغلىسىمۇ سىم – سىم يامغۇرلار،
يىغلىيالماس ئادەملەر ئۇنلۇك.
چۈنكى شۇنداق گۈزەل چۆچەك بار،
تۇرغۇن يۇلتۇز بولۇپ قالىدۇ،
ئۈنلۈك يىغلاپ سالغان باللار...
كۆككە باقسام بىر مىسرا يۇلتۇز،
يەرگە باقسام ئۈمىدۋار شائىر
ئۇلۇغ كىچىك يۈرىكىدۇ تىنىپ.

قەشقەر سائەت ئالتىدە،
يۇلتۇز بوۋاي كىردى چۈشۈمگە.
1991-يىلى 10 – ئاي.

http://ilkitap.blogbus.com

# پىۋا كۆپۈكى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

پورەك-پورەك جىمجىتلىق
لەيلەپ چىقتى قەدەھ ئۈستىگە.
پىلتىڭلايدۇ خۇشخۇي بارماقلار
يۈرەكسىمان دۈگىلەك شىرەدە.

چىرايلىقسەن كۆپۈكلۈك پىۋا،
چىرايلىقسەن مەيپۇرۇش موما.
ئۇچۇپ كەتمەك بولدى نېمىشقا
گۈل قېتىدەك يۇمران ئايالالار؟
دۇنيا نېچۈن بۇنچە يېقىملىق،
كەتمەكچىدەك قىزغا ئايلىنىپ؟

گۈللەر خۇشخۇي پىۋا گۈللىرى،
كېپىش كىيگەن پۇت گۈلى،
نەپىس قول ھەم كۆزلەرنىڭ گۈلى.
قىسىۋالاي چېكەمگە بىر دەم،
قىسىۋالاي قولۇمدا بىر دەم،

http://ilkitap.blogbus.com

پۇرىۋالاي قىنىپ – قىنىپ ھەم.

بوْگوْن، پەقەت بوْگوْنلا شوْنداق،
غوْرمەك – غوْرمەك يوْلتوْز گوْلدە
ئايلىنىپتوْ گوْللوْككە كىچە.

قاناتىسمان پوْتلىرى بىلەن
يىنىككىنە دەسسەپ ھاۋاغا،
شولا چىچىپ قاۋاقخانىغا
كىرىپ كەلدى خوْدا ئاستىلا.

شىشەڭنى ياپ جىنىم ئادىشىم،
ئىقىپ چىقىپ پىۋىدەك كۆزلەر
مەست قىلمىسوْن كۆزلىرىمىزنى.
مەست بوپ قالسا لەۋلەر توْنجى رەت،
ئاخىرقىغا قويايلى ئاتاپ،
مەست بولمىغان سۆزلىرىمىزنى.
شىشىنىڭ ئاغزىدىن
شولا تارتىپ چىقماقتا قوياش.
توپ – توپ قوْشلار ئۇچماقتا ھەريان.
قىستاڭ پويىز كىبلەر يىراقتىن
ساقالىق چال ساتىدوْ زايوم

http://ilkitap.blogbus.com

ناخشا ئېيتار شەھەردە تۇمان.

غېرىبسىنىپ جىمغۇر دەرەخلەر،
تۆكىلىدۇ غازاڭلار ئاستا.
ئات يايلىدەك يەلپۈنۈپ گۆگۈم،
كىرىپ كېتەر كۆك شىشىلەرگە.

چەكسىز غېرىبلىق
لەيلەپ چىقتى قەدەھ ئۈستىگە.
1991-يىل 10 -ئاي

http://ilkitap.blogbus.com

# ئاياللار دۆلىتى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

نۇر چاچىدۇ ئەرلەر شەھرىگە
مۇنچىدىكى قىزنىڭ يوتىسى

قوللۇرۇمدا سىنىڭ پەيلىرىڭ
قوۋۇرغامدا سىنىڭ كۆلەڭگەڭ
ھالقىپ كەتتىڭ تەپەككۇرۇمدىن.

مەن كۆلمەكچى بولسام ھاياتقا
ئىسسەدەيدۇ يۈرىكىم ئاستا.
ئايالىلارغا مۇھتاجلىقىمدىن
ئايالىلارغا ئوخشايدۇ دۇنيا.

دەرەخلىرىم، چىغىر يوللىرىم
دەرەخلىرىم، ئاق قۇشقاچلىرىم
مېنى بۇنداق قويماڭلار تەنها.
كۆزلىرىمنى يۇمىۋالسامۇ
ئايال مېڭىپ يۈرەر ئەتراپتا.

http://ilkitap.blogbus.com

ماشىنىلار چاقناپ ئۆمىددەك
تۇرىشىدۇ رەت - رىتى بىلەن.
كېتەر مېنى يالغۇز قالدۇرۇپ
يول چىرىقى يېنىش بىلەن تەڭ.
مەنىسىزلىك
ھەمراھ بولدى ماڭا بەك ئۇزۇن.
ئۆلۈپ قالماي غېرىبلىقتا دەپ
مېڭىۋەردىم بىر يولنى تەكرار.
ئۆيگە كىرىپ
كارۋىتىمغا قاراش بىلەن تەڭ
غايىب بولۇپ كەتتى ئاياللار.

ئايال
سەن ناتونۇش يىراق پىلانىت
مەن بولىمەن ئالەم كېمىسى.
نۇر چاچىدۇ ئەرلەر شەھرىگە
مۇنچىدىكى قىزنىڭ يوتىسى.
1991- يىلى 10 - ئاي.

http://ilkitap.blogbus.com

# ئۇيغۇر كوچىغا چىققاندا

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

بازارنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىدۇ،
يات ئادەم ياتنى ئۆز بىلىدۇ،
كوچا ئەمەس سامانيولى بۇ
تىرىكنى قىچقارساڭ ئۆلۈك كىلىدۇ.

دۈشمىنىم بەزدى، غىرىپلىق ئەزدى،
قولۇڭنى بەر، ئەي ياقا يۇرتلۇق.
يوقتىن كەلگەن يوققا قايتارمىز،
يوقاتقىنىمىز بولىدۇ قۇتلۇق.
ئۇيغۇر بولۇپ چىقتىم چەتئەلگە
ئۆتتى گويا بىر كۈندە يۈز يىل.
كەچۈرمەيمەن دوستۇم قىيامەتكىچە
دۈشمىنىم رەنجىتكەن بولسام ئەپۇ قىل.

ئات يايلى ئۆچتى سارغۇچ بەتلەردىن
باتۇرلۇق كۆچتى قىلىچلىق ئەردىن.
ئۆلگەن كۆرەلمەس ئۆلتۈرگۈچىنى

http://ilkitap.blogbus.com

نامەردلەر مەردلەردىن ئالار ئۆچىنى.

روھىمىزدا تاج خوراز تاجىدەك،
يېگىلدۈق بۈگۈنكى دۇنيا مېكىياندۇر.
ئەسىرلەر بويىغا يەتتى بىر- بىرلەپ
لېكىن ھەي قىزلار قېرىماس ئۇيغۇر.

ئۇيغۇر كوچىغا چىققاندا مەغرۇر
دەرەخلەردە مۆڭ، ئۆيلەردە قەبرە.
قاتقان يەرلەردە قۇترايدۇ شەھۋەت
قاقشال سۆكۆتلەر گويياكى نەرە.

ئۇيغۇر بولۇپ كوچىغا چىقتىم
غەمزىسى يات، ھۆل، قىزىق بازار.
ئۇيغۇر بولغۇم كەلدى ملك قېتىم
مۇھەببىتىم بۇلدۇقلاپ ئاقار.
مەنبە: «چۆمبەلدىكى كۆز».

http://ilkitap.blogbus.com

# كىيىم

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

قۇم تامچىلايدۇ،
ئېسىمدە قاپتۇ خىرە ـ شىرە،
يازدىكى بالىلىق، كۈن، كىيىم.

ۋاقىتنىڭ تورى
يېپىلماقتا ئاستا ـ ئاستا،
يېزا چېتىدىكى تېنى يارغا.

يارنىڭ قاپ بېلىدە تۇراتتى ئۇ،
بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېگىز، ئاققىنە
قورسىقىنى قاقلاپ ئاپتاپقا.

سورىدىم قىزىقىپ:
ـ دادا، ئۇ نېمە؟
ـ ئۇ كىيىم ، ئاپتاپ يەپ ياشايدۇ كىيىم.
كۆزى پارقىرايتتى قورقۇنچلۇق بەك،
لېكىن ئەركىنلىكنىڭ شاھزادىسىدەك

http://ilkitap.blogbus.com

راھەتلىنەتتى كۆن نۇرنى يەپ.

قۇم تامچىلايدۇ...

كۆن چىقتى، بوينۇمنى سوزۇپ

بالكوندىن قارىدىم پەسكە ،

ئۇنتۇلغان جانىۋار چۈشتى ئەسكە.

مەنبە: «چۆمبەلدىكى كۆز».

http://ilkitap.blogbus.com

# بۇلاقۇيشى كوچىسى

قۇياشنىڭ ئارقا كوچىسى
نۇر،
لاي تاملارنىڭ يېرىقىدىكى.
كۇرسىدا ئولتۇرغان چا ساقال ئۇيغۇر
ئۆتكەن قىزلارغا قويىدۇ قاراپ.
سۇيۇقلانغان نېرۋىلار
نەچچە يۈز يىل غېرىبلىقتا
ئۇيۇپ قالدىم ئاستا ـ ئاستا.

قاسساپ پىچىقنى سۇرتۇپ بولۇپ
قاراپ قويىدى قان يۇقى باشقا.

ئەخلەت ئۇستىدە
تاجى سالپايغان خوراز
پۇتلىرى بىلەن ئېلىشتۇرماقتا
ئاق، قارا، كۆك، قىزىل رەڭلەرنى.

ئېلىشىپ كەتتى بىردىنلا ماڭا

http://ilkitap.blogbus.com

ئۆتمۈش بىلەن ئۈشبۇدەم ئاڭا.

بىر بۇلاق

تۈرىدۇ كوچىدا بۇلدۇقلاپ

ۋاقتى باشقا ۋاقىتتۇر بىراق.

http://ilkitap.blogbus.com

# ئۆچىنچى ئايغا كىرىش

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

توختىمىغان تەنلەر،تېرەكلەر
ماي يوللاردا قاغجىراش ئىگىز.
ئاستا ئۆنلەپ ئاقماقتا ئەگىز
لاي چۆشتىن كيىن.
لاي چۆشتىن كيىن
سۆزۈلمەكتىمىز مەنىسىزلىكتىن
بايىقاپ قېلىپ بىر-بىرىمىزنى.

يېشىل قەبلە ھېجىر تەشتەكتىن
چىقىپ كەلمەكتە،ئىقىپ كەلمەكتە.
بېيجىلك قوۋىرغىسى تاش شەھەر،
يورىماقتا ئۆچەي-باغرىمىز
يەر دېۋىسىنىڭ ئاغزىدا سەھەر.
مەن نەم توپىغا ئامراق،
يېرىم كىچىدە مەن سىنى پۇراپ
ھوزۇرلىنىمەن.
باللار لەگلەكنى قويۇپ بەردى،
يېپىمىزنى تارتار غايىب قول،

http://ilkitap.blogbus.com

ئۈچىنچى ئايغا ئالماقتىمىز يول.

The bodies and poplars mowe on ,
On the asphalet dryness is high ,
Snow is melting and flowing ,
And murmuring sweetly
It is a muddy afternoon .
It is a muddy afternoon ,
We grow transparent from emptynes
For suddenly we found each other .
The green tribe comes out and welling out
From flower – pot .
Beijing is a stone – rib city .
Down in the mouth of lord of the earth
Our guts glittering ,
Nobody will feeling pity .

I love wer clay
At midnight
Sniffing you and exciting .
The childen are flying their kites
We are kites – an unknown hand takes our line
We entering the march unhurriedly, as wine .

http://ilkitap.blogbus.com

# ئېسسىپ ئۆلتۇالغۇچى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

جىمىرلايدۇ جان يۇلتۇزلىرى
ئارغامچىنىڭ ئۇچىدا.

چىدا سۆزۈكلۈككە ئەي ئايال،
قورقۇنچلۇق، قورغاق، مۇزدەك،
ئۆلۈم ئەكس ئېتىدۇ بىزدە.
يالىڭاچلانغان ئوت مۇئەككىلى ،
ئادەم تېرىسى سارغۇچ، ئېگىزدە.

ئەھمىيىتى قالمىدى
ئالداشنىڭ ۋە ئالدىنىشنىڭ ،
ئاش ۋاقتىنىڭ، ئىش ۋاقتىنىڭ،
يۇيۇنۇشنىڭ، پىشىم ۋاقتىنىڭ ،
ھاجىتى قالمىدى كىيىم كىيىشنىڭ.

ھەممە قاتتىق نەرسە ئۇنىڭغا
ئۇشتۇمتۇتلا ئايلاندى سۇغا.

http://ilkitap.blogbus.com

ئارغامچىدىن ئاقار بىر ئايال،
ئاياغلاشتى ئۇنىڭ تۆت پەسلى.
كۆكتىن مۇڭلۇق باقار بىر ئايال ،
ئارام ئالماق بولغاندا ئېرى ،
نىقابىنى قىلىپ سەل نېرى.

ئېسىلىپ تۇرار
يەر بىلەن ئاسمان ئارىسىدا،
پۇتلىرى بىلەن تام ئارىسىدا،
زامان بىلەن زامان ئارىسىدا...
پەرىشتىلەر ماڭماقتا سۆرەپ.

ئۆلتۈرۈلدى بىر ئايال قوشنام،
قارا گۈلدەك
غەمكىن پۇرىقى
قوشنىلارنى قىلىپ بىئارام.
مەنبە: «چۈمبەلدىكى كۆز».

http://ilkitap.blogbus.com

# مىراجغا چىقىش

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

سائەت توساتتىن تۆتتە
قورقۇنچلۇق ئاپتاپ، تىلفون ۋەھىمىسى ،
بىر سائەتتىن ئۇزۇن بىر سائەت.
ئېسىمگە كەلمەي قالدىم ھودۇقۇشتىن
بۇ مىسراغا يازاي دېگەن خەت.
جىمجىتلىقنىڭ مەنىسى
مەنا ئەمەس.

مەنىسىزلىك باش ئۈستۈمدە پەس
ساڭگىلاپ تۇرىدۇ ساپاق - ساپاق.
سەۋەبى بولمايدۇ نۇرغۇن ئىشنىڭ
ئۆزىمىزچە چىقىمىز ياساپ.
ئۆلۈم رويخېتىنى، ئوقۇغۇچى
چۈشمەكتە پەلەمپەيدىن تاقىلداپ.

يالغۇز تاشلاپ قويۇپ مېنى
ئۆزۈڭ نەدە تۇرغانسەن ئىگەم ،

http://ilkitap.blogbus.com

سىغىنغاندا چاقىرغىلى.

ھەممىنىڭ مەنىسى سەن

مەنىسى سەن

ھىچنىمىنىڭمۇ.

مەنبە: «چۈمبەلدىكى كۆز».

http://ilkitap.blogbus.com

# ئاي تولدى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

تۇرمۇش ئەينىكىدە
تونۇش كىشىلەر
بىر قولى تېڭىلغان،
بىر پۇتى تېيىلغان.

ھىلال ئايدەك
كەمتۈك سالاھىيەت
بۇ ئىسمىدىن،
بۇ يۈزىدىن.

چېكىندىم،
كۈندۈزدىن.
ئېچىلدى ئىشىك بىردىن
يۇلتۇزلۇق ھاياتقا.

پالاقلار تېنىم
بىر قاناتتا.

http://ilkitap.blogbus.com

ئاي تولدى بۆگۈن

كارىۋاتتا.

2005-يىلى 23-سېنتەبىر

مەنبە: «دېڭىزدىكى كوچا»

# يامغۇر

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

كوچىنىڭ دۈمبىسىنى
سىيلايدۇ تۇتۇق ھاۋا.
غەم ئەرلەرنىڭ قاناتلىرىدەك
يېيىلماقتا بارا - بارا.

چېكىلەر نازۇك، ئاستا
ئايالنىڭ تېنىدىكى تار.
سېمونتتىقا يامغۇر تامماقتا،
ئاپئاق، تولغان، بىرتال - بىرتال.

ئەينەك تاملار ئارىسىدا
ۋەھىمىگە چۆشكەن كىشىلەر.
يامغۇرلارنىڭ ئىچكىرىسىدە،
تەتىرىگەن ،كۆتكەن كىشىلەر.

« ... ئۈرۈش شۇنداق قاتتىق بولدىكى
ئىتىل دەرياسىنىڭ سۈيى

http://ilkitap.blogbus.com

قىپقىزىل سىرغا ئاپلاندى ... »

شىشىمىزگە پاتتى كۈن ،
تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ
مەينى قۇيدۇق سىڭايان.
بىز كىچىگە ئېرىپ كەتكەنلەر
يامغۇر بىزنى قىلدۇ بايان.

مەستخۇش يامغۇر توختاش بىلەن
كارىۋاتتىكى ھاياجانلىق تەن
ئوخشار جىمجىت ئىسكىرىپكىغا.

http://ilkitap.blogbus.com

# تەكلىماكان بويىدىن ئۈتۈش

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

قۇمنىڭ كۆكسى ئاپئاق ، يوغان ،
تېرىسىدە چوقچىيىپ تۇرغان ،
ۋەسۋەسىگە سالار ئادەمنى.
تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقان ياز
كۆيدۈرمەكتە پۈتۈن ئالەمنى.
ئەسەبىي ۋىشكىلار، ماي ماشىنىسى
ئۈزۈلمەي ئۆتەر،
ئۇيقۇ، خىيال چىگىش ـ چىگىش بەك ،
دېڭىز قاراقچىسىنىڭ خەرىتىسىدەك.
چۈشىمىزدە
يات ئەللەرنىڭ ئالتۇن ئوردىسى
كۆلدىن ـ كۆلگە بارار ئېگىزلەپ.

غېرىبلىق ئېزىدۇ يولۇچىلارنى
ھەممىمىز تەقدىرداش ئويىمىز باشقا،
ھەركىم ئالدىرايدۇ يېڭى ياشاشقا.

http://ilkitap.blogbus.com

خىياللار چېچىلغان ،
چېچىلغان مەرۋايىت چۆلدىكى تاشلار
ۋە ياكى ساناقسىز تېنى يوق باشلار.
كىرپىكلىرىمىزدە ئۈيۈقۇ يوقى ،
كىرىپ كېتەر كېچىگە يالت - يۇلتىدە
نامرات يېزىلارنىڭ يېشىل قۇيرۇقى.

ئاپتۇبۇس چاپار
يىراقتا ئاي ،
يېقىندا قىسمەت.

http://ilkitap.blogbus.com

# ئۆز شەھىرىدىكى ئۈيغۇر

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتكەن...
كۆنۈكمەن،
يامغۇر مەنزىرىسى، غېرىپلىق
دائىم نەملەشكەن مەركىزىي شەھەر.

ئۇچرىغانلىكى ناتونۇش ساڭا،
ساقچى، قەلەندەر، يېڭى بىنا
قىستاڭچىلىق، توز ۋە باشقا نەرسىلەر.

بىردىنلا پەيدا بولغان ئارتۇق ئادەمسەن،
كوڭ نەيزە بويى ئۆرلەپ
جىمجىت كېسىشكەندە
ئەڭ ئېگىز راۋاقنىڭ ئۇچى بىلەن.
ياكى
ئىسمىڭ سەۋەبىدىنلا مەۋجۇتسەن.

سىقىلغان كېچە.

http://ilkitap.blogbus.com

ئاياللارنىڭ نۇر چەمبىرىكى
توپلانماقتا ھاياجان.
ئەر مىللەت
ئەردۇر ھامان.
غەم كېلىدۇ ئاققۇنلاردەك
غەم قارا ھەم نامەلۇم رەڭدە.

مېنى تىرىلدۈردى بۇقدەك
پاچاقلىرىڭ ئارىسىدا
ئېچىلىپ قالغان
بىر تال چوڭقۇر گۈل.
مەنبە: «چۈمبەلدىكى كۆز».

# شەھەرنىڭ سىرى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

بىرىلمىدى بىزگە ئىزاھات.
سىلىنماقتا رەت ـ رەت ئىمارەت.
ئېگىزلىگەن تەنھالىقىمىز.

ۋاقىت بىر چوڭ شەيتان ئەينىكى،
قېرى مۈشۈك تىكىپ كۆزىنى
كۆرەلمەيدۇ ئۆزىدا ئۆزىنى.

خالتا كوچا، ئادەم، سامانيول
بۇ شەھەردە كېسىشكەن بىر نۇر.

چېقىلماقتا كونا بىنالار
ئۆز تىلىدا سۆزلەيدۇ ئۇيغۇر.
چاقناپ ئۆچەر توزان ئىچىدە
لوم تۆمۈرلەر، سەرسان يىگىتلەر
تام ئادەمنى قوغلايدۇ دەيدۇ،
لېكىن قارام تام چاقىۋچىلار

http://ilkitap.blogbus.com

قاراملىقى قۇترىغان بوۋقا.
بالىياتقۇ ئۆي ئۇلار ئۈچۈن
تېكىشسىدۇ جىنىنى دوغا.
بىز گويا ئوت سۇ ئىچىدىكى،
بىز غايىبقا سىلىنغان بىنا.
ئۆرۈلدى بىر بىنا نەم، قىزىل
يىگىتلەر تام چىقۋاتقاندا،
ۋاقىتتىن قان ئېقۋاتقاندا...

يات بىر تىلدا سۆزلەيدۇ تۇرمۇش
ئۆزگەرمەكتە شەھەرلەر پۈزۈر.
يىغى بىنا پۈتەر ناتونۇش
كونا تامنى چاقۋچى ئۇيغۇر.

ئەي يىگىتلەر، قاراپ بېقىڭلار
شەيتان ئەينەك ئەمەسمۇ شەھەر؟
كۆرۈنمەيمىز قارىساق ئەگەر.
مەنبە: «چۈمبەلدىكى كۆز».

http://ilkitap.blogbus.com

# قەشقەرگە سەپەر

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

كېتىۋاتىمەن قەشقەرگە
ئۇ گويا ئۆز تېنىنى يەۋاتقان،
ياكى ئۇ يەردە
پەرىشتىلەرنىڭ ئۆلۈكى ياتقان.

ئۇپۇقتا قىزغۇچ پەردە
مەڭگۈلۈك، تىپتىنچ، ئۆچىۋاتقان
ئەنە شۇنداق لەھزىلەردە،
ئاپتوبۇس تۆمۈر قوشۇن غالجىرلاشقان
بىسسىپ كىرمەكتە چۆل - جەزىرىگە.

تاشلار ــ تاش ئوردىنىڭ خارابىسى.
تاشلار ــ شېھىتلەرنىڭ كېسەك بېشى.
تاشلار قۇرۇپ كەتكەن،
تاشلار قاتقان تەن.
شەھۋەتى ئۇرغۇپ تاشقان ئادەملەر ئارا
ئېزىپ كەتكىنى سەن ياكى مەن.

http://ilkitap.blogbus.com

قەشقەر ـــ
ئۇ بىر ئىسسىق قۇرىماس يارا،
تۇغۇلماقتا بارا ـ بارا.

كۆزلىرىم قاماشتى قارا ـ قارا
يۇلتۇزلار لىق ئاسماندا، يەردە.

سۈزۈك ـ سۈزۈك ئۆتىۋاتقان
شۇنداق تەنھا لەھزىلەردە
ئىگەم سەن بار، مەن يوق مەندە.
مەنبە: «چۈمبەلدىكى كۆز».

http://ilkitap.blogbus.com

# ئىككى كىسەك

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

ئىككى كىسەك

ئۆي ئىچى ئاق رەڭلىك جىمجىت،
ۋاقىت تامدىن ئۆتمەكتە،
ئۆزگەردى بىر كىسەكنىڭ يۈزى.
يېشىل قۇملىرى سارغايغان ئەل
بوستانلارنىڭ قەدىمكى كۆزى.
چىڭگىزخان ئۇششۇكتەك بېسىپ كىرىپ
شەھەرلەرنى تىغدىن ئۆتكۈزدى.
بەگلەر قۇل بولۇشنى خالىماس ئىدى،
خوتۇنلار دىدەك بولمايمىز دىدى.
خاقان يىغىپ يىگىتلىرىنى،
ياۋغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى،
ئاق ئات مىنىپ.
ئاق يىقىلدى قىزىلغۇلدەك
قىزىل تۇپراق ئۆچتى ، قارايدى.
خاقان لايغا ئايلاندى ، لاي كىسەككە
بىر بىنادىكى.

http://ilkitap.blogbus.com

ئۆيدە ئويچان ئولتۇراتتىم،
تامدىكى كىسەك
كۆرۈندى تولىمۇ غەمكىن،
ئىختىيارسىز ئېزىپ يۈرەكنى.
«ئادىل» دەپ توۋلىدى ئايالىم
تالاي ئەسىرلەردىن كېيىنكى
بىر كىسەكنى.
مەنىبە: «چۆمبەلدىكى كۆز».

http://ilkitap.blogbus.com

# قۇربان ھېيت

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

تاڭ سۆزلىدى

شىشىدىكى تاڭ،

يۈزى يورۇق پەرىشتىدەك.

مەزىنىنىڭ ئاۋازى يۇلتۇزغا تولغان،

ئادەملەر مەسچىتكە كىرمەكتە دەۋرەپ.

ئۆلۈمنىڭ سىماب كۆزلىرى

پىلىلدايدۇ ئىشىكلەر ئارا.

ھەممە چەكسىز ئىخلاسى بىلەن

قۇربانلىقنى قىلماقتا ئادا.

ئىسسىق قانغا چىلىشىپ ياتقان

كۆك قوشقاردىن كېلىدۇ سادا:

ئەي ئادەملەر، ئەسلى مەن ئەمەس

سىلەر بىر توپ قۇربانلىق پادا.

ناغرا - سوناي ئاۋازى

ئەسلىتەر قەدىمكى جەڭ مەيدانىنى.

كىيلىۋاتقان قىستاڭ ئاپتۇبۇس

http://ilkitap.blogbus.com

بەلگىسى تىنچ مەغلۇپ بولۇشنىڭ
ئاقىدۇ كوچىدا قۇياشنىڭ قېنى.

لەۋلىرى قاندەك چوكان
بوغۇرساق يىمەكتە
مالاچىلتىپ
مىس لېگەندە.
قالغان ئېشىپ
پالۋاننىڭ بېشى.
ئەمەستەك قايغۇرۇش خۇددى ئۆز ئىشى،
شاد ـ خورام پەتلەيدۇ ھەممە كىشى.

توساتتىن
گۆشكە قونغان يەنە بىر چىۋىن
پالاق ئارا قانىتىنى چاقنىتىپ
توختىدى دۇنيانىڭ چېكىگە بېرىپ.
مەنبە: «چومبەلدىكى كۆز».

http://ilkitap.blogbus.com

# خۇدانىڭ مېھمىنى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

(چوڭقۇر سىغىنىش ۋە ھۆرمەت بىلەن ئابدۇلھەكىم مەخسۇمغا ئاتايمەن)

ئۆگزىدىكى سەھەر بوۋاينىڭ
چاقناپ تۇرغان ساقاللىرىنى
ئوينار ئېدىم تاراپ ھەر كۈنى.
ھەممە غايىپ بولۇپ كەتكەندەك
كېتىپ قاپتۇ ئەۋلىيا ئەزەم
ئىشىكى يوق كوچىلار بىلەن.
يۈزلىرى ھۆل ئەي ئاقساقاللار
پاك، چىرايلىق ئېتىقاد بىلەن
تەڭرىگە خاس قايغۇنى ئېلىپ
ئاراڭلارغا كىردىم قىستىلىپ.

يەرگە قونغان تاڭ نورى سىمان
ئۈستۈڭلارنى كۆمگەن توپا ـ چاڭ.
باغرىم ئېزىك سىلەرگە ئوخشاش
تارقالغاندا يىراق ئاۋازدا
ئۆلۈپ كەتكەن شۇ مۇڭلۇق ئاھاڭ.

## قاغىلىق

قوللىرىنى سوزۇپ بەك كىچىك،
ياتقىنىدا ئاي نورى ئېمىپ،
پەيدا بولۇپ ھاجىم مېھرابتا
ياڭرار ئىدى ئەزان ئاۋازى.
غىچىرلىشىپ داۋزىلار شۇئان
جىمىرلايتتى مەسچىت ئۈستىدە
پەرىشتە ۋە يۇلتۇز پەرۋازى.

## ئۇ كۈنى

جىنازىغا قاراپ
بېشىنى چاڭگاللاپ
يىغلاپ سالدى ئەزرائىل ئۆزى.

بىر قەلئەدۇركى ئۇ تامسىز
شۇ قەلئەدە بولماقتا مېھمان
خۇدا باشلاپ كەلگەن بىر ئىنسان.
1993 ـ 6 ـ 19 ـ كۈنى
مەنبە: «بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى»

http://ilkitap.blogbus.com

# چەكسىز ئىشخانا

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

تەكچىدە شىشە.
شىشىدىكى نۇر.

بىر تال پەي.
ئىش تەرتىپى.
قەغەز دۆۋىسى.
خۇددى رەتلىك تۇرغاندەك
قالايمىقان ئىشخانا ئىچى.

غىربىلىق بىلمىگەندەك غىرىپلىقنى
بىلمەي قالدىم نىمە قىلىشنى.

ئات قويۇلمىغان ھاياجان
ئايلانماقتا توختىماي مېنى.
قەغەز مەركىزىدە
بىر جۈملە ئايال.
ئايال ھەرپلەرنىڭ

http://ilkitap.blogbus.com

ماڭا قاراپ يالىڭاچلىنار
ياش قەبىلە باشلىقى.

دېرىزىنى ئېچىشىم بىلەن
تەكچىدىكى قۇرۇق شىشىگە
ئۇدۇل كېلىپ چۈشتى كۈن نۇرى.

شىشە يېنىدىكى چاقناش.
ئۈستەل ئۈستىدىكى چاقناش.
كۆلدان ئەتراپىدا جىمجىتلىق.

جىمجىتلىقنى بۇزۇپ بىردىنلا
قەلەم سوراپ قالدى ئىشدىشىم...
1993- يىل 12 – ئاي
مەنبە: « بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى»

http://ilkitap.blogbus.com

# مۇزنىكىنىڭ سۈرىتى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

لەيلەپ چۈشتى ئالتۇن رەڭ ئاۋاز،
شىلدىرلايدۇ
تامدا
بۇلاقلار. . .
قالدى بىر قىز نىلۇپەر بولۇپ،

پەرىزاتلار چۈشسە مۇنچىغا،
قويۇپ كېتەر خۇش پۇرىقىنى
قەلبىمىزدە قىزلار ياشايدۇ،
كۆرسەتمەدۇق ھېچكىمگە ئۈنى.
شەھەر بىرتال نۇر تامچىسىدۇر
كۆز يامغۇرى توختىغان كۈنى.
كەتتى بىر قىز نىلۇپەر بولۇپ،
شىلدىرلايدۇ تامدا بۇلاقلار،
ئۆرۈمچى،
مەن ئۈچۈن ئەڭ يېقىملىق
مۇزىكا سەن يەر شارىدىكى.
مەنبە: « بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى»

http://ilkitap.blogbus.com

# سۇ

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

بىنالار بىزنى يەپ بولاي دېدى
خىياللار ئۇچسۇن، قاناتلان، دوستۇم،
قېچىپ كېتەيلى ئىشتىن چۈشمەيلا.
قېچىپ كېتەيلى كۈتمەيلا
چاچلارنىڭ ئاقىرىشىنى،
ئۆلۈمنىڭ چاقىرىشىنى...

خىزمەت بىزنىڭ سۇ تۈرمىمىز
لۆمۈلدەپ، ئەنسىرەپ ئۆتەر ئۆمرىمىز.

كۆڭۈلدىكىدەك كۈن بولدى بۈگۈن
ھاۋا ئوچۇق، ئىشخانا ئوچۇق.

قېچىپ مەن بىكارچى دوستلىرىم بىلەن
شەھەر سىرتىغا قاراپ يول ئالدۇق.
كۆڭۈلدىكىدەك كۈن بولدى بۈگۈن
چېلىنغاندەك بۇرغىلار بىردىن

http://ilkitap.blogbus.com

بىلگە خاقاننىڭ ئاق چىدىرىدىن.

ئىس ئۆرلەيدۇ
كۆك يايلىلىق ئاتتەك،
قولىمىز گۆش ۋە قان پۇرىقى
ئەمدى بۇلار بىزگە ياتتەك.
سۆڭەك غاجايمىز ياۋاش ئولتۇرۇپ،
ياۋا گۈللەر جامىغا شەبنەم تولدۇرۇپ،
قارىغاي تاجىغا قۇياش قوندۇرۇپ،
قۇياش قەدەھىگە قان تولدۇرۇپ
سۇنماقتا.
ئىچمەيلى
بىز خۇدادىن قورقايلى،
ئادەملەردىن قورقۇپ كەلدۇق بىز،
( ھايات مەنىسىز، ھالۋىمىز تەمسىز)
ئەمدى ياشاپ باقايلى غەمسىز.

قىزىل تۆگە، قىز تۆگە، سۇ ئامبىرى
يېرىلغان دۇتاردەك بار قىرى
باللىقتىكى چۆمۈلە ئىزى.
كۆكرەكلىرى پات - پات كۆتۈرۈلگەن
كۆڭلەكلىرى قات - قات سۇ قىزى.

http://ilkitap.blogbus.com

سۈنىك

سايىسى

يوق.

سۇ ئەركىن،

قىلىچلىق،

سۆزلەيدۇ،

دۇئا قىلىدۇ،

ئۆز تىلىدا ئېيتىدۇ ناخشا.

چوڭقۇرلىرىدا لاي يوق، ھەسرەت يوق

چېچەكلەيدۇ شامالدا ئاستا.

2004-يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى

مەنبە: « دېڭىزدىكى كوچا »

http://ilkitap.blogbus.com

# چىش يۇدۇرۇش

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

چىش ئاستىدا
كاۋاك مىنۇتلار
كۆنلەر ئۆتەر سۇنغاندەك سەدەپ.
چول تەگمەيدۇ ھەر يوغان ئىشقا،
ئاۋارە بىز كىچىك بىر چىشقا،
كىپسلىمىز كەتكەندەك ئەدەپ.

جىنىمىزدىن چىچىمىزغىچە
سەن ھەدىيە قىلىپسەن بىزگە،
بىلمەي قاپتۇق ساقلىقتا ھەجەپ.

چىش دوختۇرى ئاق ئەتىرگۈل قىز
نۇرى چۈشۈپ چاقنايدۇ پولدا.
دۈپۈلدەيدۇ يۈرىكىم تېز - تېز
بىر مالائىك ئامبۇرى قولدا.

چىشلىرىمنى كۆرمەكتە بېقىپ
مەن گوياكى قۇل بازىرىدا،

http://ilkitap.blogbus.com

نۇر زەنجىرى مەيدەمگە چۈشكەن.
ئورۇندۇقتا خۇشىيېقىپ يېتىپ
مەدەنىي بىر جازانى كۈتكەن.
بىز ئىنسانلار كۆنۈك بۇ ئىشقا
ئاستا، سىلىق، تەرتىپلىك، خۇرسەن
جاننى ئالسا تەگمەستىن چىشقا.

گىژىلدايدۇ چىش يۇغۇچ ئەسۋاب،
قىزنىڭ قولى ئاغرىتار يۇمشاق.
كۆكرەكلىرى تېگەر يۈزۈمگە
قىلالمايمەن بىراق مەن ئۇنداق...
يېتىپ بەردىم پەقەت ياغاچتەك
مانا تىرىك ياغاچ بىز شۇنداق.

شىلدىرلىغان خالاتمۇ، ياپراق؟
شاياتۇنمۇ، ھۆرمۇ بۇ قىزچاق؟
بولدى، جاننى ئالساڭچۇ پاتراق!
يىلتىزسىز گۈل،
مېڭىپ كەتتى مەرمەر ئۈستىدە
ئويغاق ياتقان شائىر چۈشىدە.
********************

2004- يىل 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى

مەنبە: « دېڭىزدىكى كوچا »

http://ilkitap.blogbus.com

# كېچىدىكى ئارچا دەرىخى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

ئوخشمايدۇ كۆندۈزدىكىگە،
كېچىدىكى ئارچا دەرىخى.
شاخلىرىدا ئۈيقۇغا كەتكەن،
تېپتىنچقىنا قۇنۇپ ئاي نۇرى.

يات - ناتونۇش ئىككى ئادەم بىز،
مۆرىدىشىپ ئولتۇرغان گويا.
چۈشمىزدە ئۇچراشتۇق بەلكىم،
ئۇمۇ ماڭا مەنمۇ ئۇنىڭغا.

تۆندە بىر تۈپ ئارچا دەرىخى
سايەم كەبى تۇرار ئالدىمدا.
بولۇپ قالدۇق يېڭى قەدىناس
ئىككى سايە بۇندا ئۆز ئارا.
سايە بولساق بۇرۇن ناۋادا،
ئىككى ئادەم بولغاندىن باشلاپ،
ناتونۇشقا ئايلاندۇق قايتا.
1990- يىل 1 - ئاي
مەنبە: « بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى »

http://ilkitap.blogbus.com

# سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

قۇياش ماڭا كۆتىرەرمۇ تىغ،
سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا ؟
سەن ھەققىدە بېرەرمۇ سۆزلەپ،
پورەكلىگەن گۈللەر باھاردا ؟

سۇ ئالغىلى چىقساڭ بۇلاققا
يۇتىۋالماق بولارمۇ بېلىق؟
كۆرۈپ قالسا سېنى ئاھۇلار
جان بېرەرمۇ تارتمايلا تىنىق؟

زىناقلىرىڭ ئېچىلسا گۈل - گۈل،
كۆمۈلەرمۇ گۈللەرگە ئالەم؟
چاچلىرىڭنى يايساڭ دېڭىزدەك
تاڭ ئاتارمۇ بۇندا ئەي لالەم؟

چۈشلىرىمگە سىغماي كۆزلىرىڭ
چۆكتۈرەرمۇ تاشقىنلاپ مېنى؟

http://ilkitap.blogbus.com

كۆرۈپ قالسا يەپ كېتەرمۇ ئاي
كۆزلىرىڭنىڭ چوقۇپ ئېقىنى؟

كۈيلەشمەكتە تىنىق يۇلتۇزلار،
ئاي بىلەن كۈن سۆيۈشكەن چېغى،
بارمىقىڭنى ئويناپ ئولتۇرۇپ،
مۇڭداشمىدىم قانغۇدەك تېخى.

قاخشال كاككۇك گۈلى تۈۋىدە،
ھەر باھاردا ساقلىدىم سېنى،
يۈرىكىڭگە ياتسام باش قويۇپ،
چۈشلىرىڭدىن ھەيدەمسەن مېنى؟

قۇياش ماڭا كۆتىرەرمۇ تىغ،
سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا؟
سورىسام مەن ئىسمىڭنى چوقۇم،
ئاسمان - زېمىن بېرىدۇ سادا.

1989-يىل

http://ilkitap.blogbus.com

# تۇرپان، بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

ياز
سىلىقۋېتىپ ئىچ كىيىمنى
كۆن نۇرىدا يۇيار تېنىنى
بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا.
تۇرپان
ئۈزۈمتالنىڭ ئاستىدا
بۆكى بىلەن يەلپۈپ ئۆزىنى
ئارام ئېلىپ ياتقان بىر بوۋاي.
تۇرپان
ئۆگزىسىدىن مېھمانخانىنىڭ
ئاق ئۆردەكتەك كۆرۈنگەندە ئاي
يولۇچىدۇر تەمتىرەپ تۇرغان.
8-ئەسىر ياش بىر يولۇچى
مىڭىلدىغان ئادەملەر ئارا
ماگدى ئىزلەپ ئىبادەتخانا.
تاك-تاك چېلىپ مىڭلاپ شەيخلەر

http://ilkitap.blogbus.com

كۆپكۆك بىر نۇر يېغىپ ئاسماندىن
چۈشتى خاقان تەختىراۋاندىن.
ئارقىدىنلا مەسچىت ئۈستىدە
پەيدا بولدى كەڭ قانات يېپىپ
ئاي نۇرىدەك ئۇيغۇر پەرىشتە.
قۇش شەھرى ئەمەس،
تاش شەھەر ئەمەس،
ئۈزۈم شەھرى بۇ.

تۇرپان
بىر ساپاق كېچە
تۇرار كۆكتىن ساڭگىلاپ پەسكە.

http://ilkitap.blogbus.com

# مەڭگۈ يىگىرمە ياش

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

بىلەمسىلەر بۈگۈن قانداق كۈن؟

ئۈخلاپ قوپسام خانەم ئالدىغا
ئاپئاق-ئاپئاق يىغىۋاپتۇ قار.
پىۋا ئىچىتىم سىنى تەبرىكلەپ
پىۋا ئىچتى ئاپئاق-ئاپئاق قار.
ئوغرىلىقچە ئاق قارغا ئوخشاش
يىگىرمىگە كىرىۋاپسەن يار.
پىۋا ئىچىتىم سىنى تەبرىكلەپ
پىۋا ئىچتى ئاپئاق-ئاپئاق قار.

يۈگۈر! بازاردىن
گۈل ئەكەلگىن 11 - ئاي
مەي ئەكەلگىن 11-ئاي.
كىچىككىنە تۇرۇپلا تېخى
يىگىرمىگە كىرىۋاپتۇ يار.

http://ilkitap.blogbus.com

مۇشتەكتەك شۇ يارنى تەبرىكلەپ
پىۋا ئىچتى ئاپئاق - ئاپئاق قار.

كىردى بۆگۈن يىگىرمە ياشقا
ئۆمۈچۈكنىڭ تور توقۇشلىرى.
كىردى بۆگۈن يىگىرمە ياشقا
كوچىدىكى كىشلەر توپى.
كىردى بۆگۈن يىگىرمە ياشقا
ئەڭ ئەڭ نۇرلۇق بىر مايقوڭغۇزى.

دەپ سالمىغىن خەقكە قوڭغۇزۇم
سەھرالاردىن كەلگەن بىر شائىر
بۇ شەھەردە ئوغرى دەپ ھازىر.
ئۇخلاۋاتقان يېرىڭدىن
ئەپكەلگەندەك ئوغرلاپ
ئوغرلىقچە سۆيەرمەن سېنى.
قۇچىقىڭدا ياشاي بىر ئۆمۈر
كۆرسەتمىگىن ھېچكىمگە مېنى.

قۇشلار قۇشلار
قار ئۇستىگە قويدۇم دان چېچىپ
دېرىزەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ

http://ilkitap.blogbus.com

قورقماي دانلاپ كېتىڭلار بۆگۈن.
ياخشىمۇ سىلەر ئەي هاراقكەشلەر
قەرز بېرىپ قويۇپ مەن ئۈچۈن
چىلاشقىدەك ئىچىڭلار بۆگۈن.
ئەتىگەنلىكنىڭ خەيرلىك بولسۇن
هوي، يانچۇقچى ئاپتوبۇستىكى،
قورقما ، بۆگۈن ئۆيۈمدە مېهمان
بۇ شەهەرنىڭ هەممە ساقچىسى.
ئەي ، سەككىز سوزۇق تاۋۇش
ئەي،24 ئۈزۈك تاۋۇش
ئىختىيارىي ئويناڭلار ئەمدى!
بۆگۈن مېنىڭ ئۆيۈمدە مېهمان
ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتچىسى،
ئەي شەهەر خەلقى
قوۋۇقۇڭلارنى ئېچىڭلار كەڭرى!
تەبرىكلەڭلار
جۇل چاپاندەك مەرى ئىسسىق
ئانام ، دادام بار يېزا بازىرى.
چورۇقى ، تامبىلى ، بۆكى يىرتىلغان
تۇخۇمچى ئايالنىڭ باللىرى.
قاغىلىق
گۇگۇملارنىڭ كەيندە

ياتقان چاغدا نۇر چېچىپ
ئېھ باللار كېچە بەك يوغان
تۇخۇم كاكلاپ بېرىدۇ ئاسمان
سېۋەت ـ سېۋەت كېلىڭلار يىغىپ.
قولتۇقىدىن يۆلەپ دادامنىڭ
كەل تەبرىكلەپ سەنمۇ جان ئانا
كىچىك بىر باغ سۇپۇرگە ئېلىپ.

كىچىك بىر قىزچاق
ئويناۋېتىپ توساتتىن
كىرىپ قالدى يىگىرمە ياشقا.

http://ilkitap.blogbus.com

# كەنتتىكى قىش پەسلى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

كۆرەلەيسەن
پاخال باسقان كەڭ ئۆگزىلەردىن
سالۋا  تەلپەك كىيگەن قۇياشنى.

سەن چىققۇچە چورۇقى بىلەن
كەشتە ئويۇپ قويار يوللارغا
ماڭغۇچىلار بامدات نامازغا.
سىزىپ قويغۇدەك كېلەر چىرايلىق
قانتىنى خىزىرنىڭ قارغا.
بىر تال پەينى سىزا - سىزمايلا
غايىپ بولار ئايلىنىپ نۇرغا.

سىزىپ قويساڭ چاقنار كۆمۈش رەڭ
تۇماندىكى نىيە شەھرىنى.
باللار سەن كېتىش بىلەن تەڭ
ئۆچۈرىۋېتەر قاردىن ھەممىنى.

http://ilkitap.blogbus.com

## قار

ئەڭ ئاخىرى چۈشمەكتە لەيلەپ
خىيالىڭدا قالغان بوشلۇققا.
تەبىئەتكە كۆڭلۈڭنى تۆكۈپ
پىچىرلىغۇڭ كېلىدۇ قارغا.
كېلىپ قالسا دوراپ توساتتىن
ئۇردا نەدە ئېيتىپ بېرىسەن
ئالتۇن كەشلىك شوخ باللارغا.

بوۋايدەك سۈكۈت
ئەگەشمەكتە ھەممە كىشىگە.

ئاق قەلئەدەك چاقنار قىش
چەكسىز-چەكسىز كەنت ئىچىدە.
1992-يىلى 3- ئاي

http://ilkitap.blogbus.com

# شائىرنى ئىزدەش

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

(غايىب بولغان شائىر ئە.ئوسمانغا بېغىشلاپ)
كۆيگەن يىللارنى پۇرايمەن
شېئىرنىڭ نەزىر سۈپىسىدىن،
ئۆرۈمچىنىڭ ئىسرىقدىنىدىن
خۇشبۇي قىزلار كۆتۈرۈلگەن .
گۈگۈمنىڭ ئەتلەسلىرى ئاستىدا
كونا كوچىلاردىن ئاي كۆرۈنگەن .
كوچىلار دەرەخلەرنى ياد ئېتىدۇ،
قۇشلار قۇشلارنى قىچقىرىدۇ،
ئۇيغۇر ئۇيغۇرنى سېغىنىدۇ،
توي-تۆكۈندە،ئۆلۈم-يىتىمدە
تىرىك قالغانلار جەم بولۇپ بىرگە.

ئوخشار سېھىرگە
چەت ئەل ھاياتى.

ئەسىرگە يىقىن يامغۇر ياغدى،
لىمون ساتقۇچى ئومانلىق ئەما
كۆرۈنەتتى خۇشال يەنىلا،

http://ilkitap.blogbus.com

ھەممە ئادەمنى كۆرۈپ تۇرغاندەك.
ئەمما مەن دەۋرلەر ئالدىدا ئەما
كۆرەلمىدىم ئىزدەپ شائىرنى.

ئەربكە ئايلانغان ئۇيغۇر شائىرى
ئۇيغۇرغا ئايلانغان ئاپئاق قۇم تاغلار
توسۇۋالدى سۆزۈك ھازىرنى.

ئە.ئوسمان
ئۆيدە.ئاسمان،
كىتابلارنىڭ كونا ئىشكىنى ئېچىپ،
چىقماقچى بولدۇ تالاغا قېچىپ ،
براق،تالا يوق.
يىراق تۆت تام
خوتۇنى يېقىن ئۇپۇق.
شار پۈۋلەپ ئويناپدۇ بالىسى ۋەتەن
دۇملاپ ئويناپدۇ كاللىسى ۋەتەن،
يىمەكتە ئەربچە شېئىرلىرنى...
ھەزىم قىلىپ بولالمىدىم تېخىچە
كېچىنى ۋە مومدەك پىكىرلىرنى.

سەھەر سۆزۈك تاش
كۆننىڭ كۆيۈكنى پۈرايمەن
شېئىرنىڭ نەزىر سۇپىسىدىن.

http://ilkitap.blogbus.com

# ئايلىنىش

1★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

چاتقال بىلەن قار ئارىسىدا
ئۈۋۈچىنىڭ كۆزى قوش يالقۇن ـ
ئۆچۈپ قالدى يارىسىدا
قىرغاۋۇلنىڭ.

2

ئايالىم قازان ئاستى
پولۇغا،
قىرغاۋۇل باستى.

3

چۈشۈمدە ئاش ۋاقتى،
تېلېفون جىرىڭلايدۇ
بىر ئادەم تۇرۇپىكىغا قول ئۇزاتتى،
قول ئەمەس قىرغاۋۇل قانىتى.

4

يوق نەرسە يوق، بار نەرسە زامان
قىرغاۋۇلمۇ بىزمۇ هامان
باشقا نەرسە
ۋاقىت ئۆزگەرسە.

http://ilkitap.blogbus.com

# يامغۇر پۈرىقى

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

تاشنى يېگىلى بولىدۇ
دەردنى بولمايدۇ،
بۇ شەھەر ئادەم دېڭىزى
كېچە ـ كۈندۈز ئېقىپ تولمايدۇ.
غېرىبلار ئۆزۈپ يۈرگەن رەڭدار بېلىق،
غېرىبلىق ۋاللىدار تورپا قونمايدۇ.
مۇنار ئۈچىدا سائەت ماڭماقتا،
ماشىنا چاقى ماڭماقتا بېسىپ
غېرىبنىڭ ئۆتمۈشنى ، كەلگۈسىنى.
كۆردۈم ئۇ كىشىنى
ئېغىر ئاياغ خوتۇنى بىلەن
ئۈچ باشاقتەك ئۈچ ئوغلىنى ھەم.
تۇراخۇن ئۇستام تەڭلىكتە قاپتۇ،
مۇڭدىشىش ئېرىۋاتقان قوغۇشۇن،
چىراي مۇقاۋىسىز كىتاب،
ۋاقت چىراينى ئۆزگەرتكەن نىقاب.
يامغۇر پۈرىقى

http://ilkitap.blogbus.com

مەلۇم يەردىكى مەلۇم بوۋاقنىڭ
ئۇششۇمتۇت ئەجىلى توشقانلىقى.
ئۇششۇمتۇت يۈزلەر ئالماشتى،
جەنۇبنىڭ بىر سۆزى يېشىل،
يەنە بىر يۈزنى كۆيدۈرگەن ئاپتاپ.
تاشلاپ ئۇ ياغاچ – تېشنى
ئىلىپ چىقتى بېشنى
جەنۇبتىن.

تۇراخۇن ياغاچچى

ياغاچتىن چىقىپ تاشقا ماڭدى،
غېرىپ ـ مۇساپىر بولۇپ قالدى
يۇلتۇزى تولغان كەنجىسى ئۈچۈن.
ئۈچ ئوغلى چىلەكتىكى يۇلتۇز،
يوللاردا سىلكىندۇ ، چايقىلىدۇ.
يۇرت ئىچى بار ، يايلاۋاتقان كۆپ كۆز بار
قورساقتىكى تۇغۇلمايلا بايقىلىدۇ.
يۇلتۇزدىن قورقمىز كېچىلەردە
يالپۇزدىن ۋەھىمە تارقىلىدۇ.
يامغۇر پۇرىقى
مەلۇم بىر بوۋاقنىڭ مەلۇم جايدىكى
ئاقار يۇلتۇزدەك ياشاش چېكى...

http://ilkitap.blogbus.com

تۇراخۇن ئۇستامدىن گەپ سورىدىم،
قۇمدەك غېرىبلىقنى يەپ سورىدىم.
ناتونۇش دۇكانلار ، مۇزدەك كوچىلار
تونۇش بوۋاقلار باقار كۆتە جىم.

گويا ئۇپۇقتىكى ئەتىر گۈلدەك
ئېچىلىپ قالدى قەلب يارام.
شېرىن قىچىشماقتا تېرىلىرىم،
يامغۇر پۇرىقى بېرىدۇ ئارام.
19-3-2005
«دېڭىزدىكى كوچا» دىن ئېلىندى.

# كىتابخان

★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★★

كىم سەن ئۆزۈڭ؟
سۈدەك يېقىن،تۈزدەك ناتونۇش.
مەن ئالدىڭدا سىرسىز يالىڭاچ،
ئارىمىزدا قورقۇش،قورۇنۇش،
كىتابىمنى بىسمىللا دەپ ئاچ.

خالىغانچە قىلايلى قىياس
چىرايىنى بىر-بىرىمىزنىڭ.
سۇ ئاستىدا ماڭغاندەك تىمتاس
دېڭىزدىكى بۇ كوچا بىزنىڭ.

كىتابخان،
شېئىرىمدا ئۈزگەن بېلىقسەن،
تۈندىكى چاچتەك گۈزەل،سىرلىقسەن.
ئوقۇساڭ گەر لوپا ئەينەكتە
قۇيرۇقلۇق مەن يا كۆپ قىرلىق مەن.

http://ilkitap.blogbus.com

كىتابخان،
بوش لوڭقىدەك بوش ۋاقتىڭغا
سال بىر تۇتام مۇشۇ گۈلۈمنى،
سوياراسەنمۇ مېنى پىيازدەك؟
سوراراسەنمۇ كۆككە كۈلۈمنى؟
تىغ ئىزى بار سۆكۈتلىرىمدە،
ۋاقىت قاقاچ تۇرغان يېرىمدە،
يەر ئاغزىدا سۆڭەكلىرىمىز،
ئېرىمەكتە تاشلار جىممىدە.

ئۇيغۇرنىڭ بۇ غېرىپ شائىرى
ئىزدەيدۇ ئۆز كىتابخانىنى.

دەرتمەن بولساڭ شېئىرىمنى ئال،
سېنىڭ دەردىڭ بولالماس ياماق.
ئوغرى بولساڭ،ئوقۇشتىن ئاۋۋال،
مەن كەپ قالدىم، قاچ پالاق-پالاق.
ئەگەر قاتىل بولساڭ كىتابخان،
چىقىرىپ قوي پۇخادىن مېنى.
مالال قىلما ئەي ئەزىز مېھمان،
جايناماز دا بولسام مەن تېخى
هالال ئايلىق شېئىرىمدىكى.

http://ilkitap.blogbus.com

ئەمدى بىردەم ياپ كىتابىمنى
كەتكەن بولسا كۆزۈڭ ئېچىشىپ،
بىر قاشلىغۇم كەلدى مېنىڭمۇ،
ئېغىزىمنى شېرىن قىچىشىپ.

ئەي كىتابخان سۆيىمەن سېنى
يامغۇردىكى قاقشال تېرەكتەك
دېرىسىز ئۆيدىكى نۇردەك،
قۇملۇقتىكى يېشىل ئۇيغۇردەك.
كېتىۋاتقان بولساڭ رەستىدە
مىغلىدىغان كىشىلەر ئارا،
مەن كەينىڭدە، كەينىڭگە قارا.
سەن ئەينەككە قارىغان بولساڭ
مەن بوش ئادەم ئەينەكتە تۇرغان،
بوشلۇقۇمغا تولدۇر ئۆزۈڭنى.
مەن بىر ئەما كىتابىمدىكى
ئەپقاچمىغىن زىنھار كۆزۈڭنى.

سۆيىمەن، ئەي ئايال كىتابخان
سېنىڭ ھەر خىل چاچ پاسونۇڭنى،
قارا رەڭلىك ھىجاپ-تونۇڭنى،
شېئىرىمنى ئوقۇغاندىكى

http://ilkitap.blogbus.com

شۇرلىشىك، نەپەسلىرىڭنى،
يىگىرمىگە توشمىغان بولساڭ
ئاھ تېخمۇ سۆيىمەن سېنى...

شېئىرىمدىكى خورما تۈۋىدە
ئەي يولۇچى سايىداۋاتقان،
بۇرا ئەمدى ئاتىنىڭ بېشىنى
بۇلاق بۇلدۇقلىغان مىسراغا.
شېئىر بەلكىم دېڭىز بويىدا
ماڭغان تەنھا ئادەم ئاتىنىڭ
تاشقا ئايلىنىپ بولغان پۇت ئىزى.

شېئىر تۇغۇلمىغان بوۋاقنىڭ
دېرىمىزدە تۇرغان يۇلتۇزى.
شېئىر-يۇلۇپ تاشلانغان بىر تىل،
شېئىر-قۇمدا ماڭغان كۆك توغراق،
شېئىر-ئۇچقان قۇشنىڭ يىلتىزى.
ئاھ، شېئىر،مەن يازغان شېئىرلار
تەكلىماكان قۇمى ئاستىدا
ئوچۇق تۇرغان تىلسىمات شەھەر،
مەن بۇ يەردە ئەرۋاھتەك يالغۇز
سەن قېنى،ئەي كىتابخانىم،كەل!

http://ilkitap.blogbus.com

بىر تۈپ دەرەخنىڭ قەبرىسى نەدە؟
قۇرۇق ياغاچ راۋاب ئەمەسمۇ؟!
ئاق قەغەزدە مۇردىسىز قەبرەم
يوقلاپ قويساڭ ساۋاب ئەمەسمۇ؟
يۇلتۇزلارنىڭ گۈمبىزىدە بىز،
يەردىكى ئىز- بۇ ئۆچمەس خەلق.
ئەي شېئىرنى سۆيگەن ئىنسانلار
ئوقۇغۇلار بىز بولماستا غەرق...
***** ***** **** *****

كىم سەن ئۆزۈڭ؟
سۇدەك يېقىن، تۇزدەك ناتونۇش،
قويۇۋەتكىن مېنى، كىتابخان
مەن كىتابقا سولانغان بىر قۇش.
شائىرنىڭ << دېڭىزدىكى كوچا >> ناملىق توپلىمىدىن ئېلىندى